# ئالجىرىيەلىك مۇتەپەككۇرمالىك نەبىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھازارەت توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرىدىن

ئالجىرىيەلىك مۇتەپەككۇر مالىك نەبىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئېلكتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

# ئالجىرىيەلىك مۇتەپەككۇرمالىك نەبىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھازارەت توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرىدىن

ئالجىرىيەلىك مۇتەپەككۇر مالىك نەبىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مالىك نەبى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ بىرسى، ئۇ ئالجىرىيەدە 1905 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئىسلام ئىنستىتوتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پارىژ شەھرىگە يۆتكىلىپ، ئېلېكترون ماشىنا قۇرۇلۇش فاكولتېتىدا ئوقۇش تاماملىغان. ئۇ پارىژدا مۇھىم بىر قانچە كىتابلىرىنى نەشر قىلغان.

ئۇنىڭ سىستىمىلىق بىلىم ئالغانلىقى ئارقىدا قالغان ئەللەرنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ( مەدەنىيەت مەسلىسى) سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇشقا ئىقتىدار ئاتا قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەسەرلىرىنى " مەدەنىيەت مۇشكىلاتلىرى" دېگەن نام ئاستىدا نەشر قىلغان.

*مالىك نەبى 1956 ـ يىلى قاھىرەگە پاناھلىنىپ، قاھىرە شەھرىدە بەزى كىتابلىرىنى چىقارغان، ئۇ چىقارغان كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى فرانسۇس تىلى بىلەن يېزىلغان (باشقىلار ئەرەپچە ۋە ئىنگىلىزچىغا تەرجىمە قىلغان.(

ئالجىرىيە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، ئالى مائارىپنىڭ باش مودىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، ئۆز يۇرتىدا قالغان كىتابلىرىنى نەشر قىلغان.

مالىك 1967 ـ يىلى مەنسىپدىن ئىستىپا بېرىپ، يېزىقچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان، 1973ـ

يىلى ۋاپات بولغان.

***

مالىك نەبى سىستىملىق سەۋىيەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارقىدا قالغان ئەللەرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ چىقالىغان، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئارقىدا قالغان ئەللەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى " مەدەنىيەت مۇشكىلاتلىرى "نامى ئاستىدا تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پارىژدا باشلىنىپ، قاھىرە شەھرىدە داۋاملىشىپ، ئالجىرىيەدە ئاخىرلاشقان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە:

1.ھىدايەت ۋە ئېزىش ئارىسىدا
2.تەپەككۇر تامچىلىرى
3.مۇسۇلمانىنىڭ رولى ۋە مەجبۇرىيىتى
4.ئويغىنىش شەرتلىرى
5.مۇستەملىكە قىلىنغان ئەللەردىكى ئىدىيە كۆرىشى
6.قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققى كۆرنىشى
7.ئافرىقا ۋە ئاسيا كۆز قارشى
8.ئىسلام فىدرالىيە ھۆكۈمىتى كۆز قارىشى
9.كۆرەش مەيدانىدا
10.چوڭ مەسىلىلەر
11.ئەسىر گۇۋاھچىسىنىڭ ئەسلىمىلىرى
12.مۇسۇلمان ئىقتىساد دۇنياسىدا
13.ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆز قاراش مۇشكىلىسى
14.مەدەنىيەت مۇشكۇلىسى
15.ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
16.جەمىيەتنىڭ بارلىقا كىلىشى
17.ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۆلىنىشى

مالىك نەبى ۋە مەدەنىيەت مۇشكۇلىسى( قىيىنچىلىقى(

*مالىك نەبى ئارقىدا قېلىپ قېلىش قىينچىلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتە يۈزەكى كۆز قاراشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ چوڭقۇرلاشتى. مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىقتىن ئاكتىپچانلىق ۋە ئىقتىدارلىققا ئۆزگىرىشىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئىزدەندى.

ئۇ " مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلىش "مۇشكۇلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇستەملىكە مۇشكۇلىسىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ:" ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ" (سۈرە رەئدە- 11 ـ ئايەت) " دېگەن سۆزى ، ئۆزىمىز تەرپىدىن كېلىدىغان ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچ دەپ تەكىتلىدى.

"ئۆزەڭنى ئۆزگەرتسەڭ تارىخنى ئۆزگەرتىسەن" دېگەن نوقتىنى شۇئار قىلاتتى.

ئۇ مۇشكۇلىنىڭ يىراق تەرەپلىرىنى بىكىتىشكە، ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىنى بەلگىلەشكە ۋە توسالغۇلار ھەققىدە ئىنچىكە ئىزدىنىشكە ئۇرۇنغان مۇتەپەككۇرلەرنىڭ بىرسى.

ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قىينچىلىقىنى تەتقىق قىلىشتا پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخ قانۇنىيتى ئاساسىغا تايىنىپ ئىزدەنگەن شەخسلەرنىڭ بىرسىدۇر.

مالىك نەبى مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماستىن " ئىدىيىنىڭ شەخسىيتى" ئىدى، ئۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىدىيە كىرزىسىنى ھېس قىلىپ، كىسەلنىڭ ئورنىغا بارمىقىنى باسالىغان مۇتەپەككۇردۇر.

مالىك نەبى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ قىينچىلىقى مەدەنىيەت مۇشكۇلىسىدۇر دەپ قارايدۇ، بىر مىللەت مەدەنىيەت تىكلىيەلەيدىغان ۋە مەدەنىيەتنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان ئامىللارنى چۈشۈنۈشتە چوڭقۇرلاشمىسا ۋە ئاڭ سەۋىيىسنى يوقۇرى سەۋىيەگە كۆتۈرمىسە ئۆز قىينچىلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

مالىك نەبى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق مۇھىم ئامىللىرى ئۈچ دەپ بايان قىلىدۇ: ئىنسان، تۇپراق ۋە ۋاقىت.

مالىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆز قاراش ئىجادىيىتى ۋە مۇستەقىل ئىلمى پىرىنسىپ يارىتىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىجادىيەت بىلەن يارىتىلىدۇ، دوراش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت يارىلىققا كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى قالايمىقانچىلىق، زىتلىق ۋە ئۇنىدىن باشقا پاسسىپ ئىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: " مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى" بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

"مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى" مۇستەملىكىگە باشلاپ بارىدۇ،" ئۆلۈك پىكىرلەر" ئۆلۈك كۆز قاراشلارغا يول راسلاپ بېرىدۇ دەيدىغان ئىدى.

***

*مىللەت ئىدىيە ۋە روھى ئويغۇنۇش ئۈچۈن مەكتەپ ۋە مەسچىت سېلىشقا قۇربان بېرىشى كېرەك، مەكتەپ بىلەن مەسچىت ھەر قانداق مەدەنىيەتنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۈۋرۈكى، ھەر بىرى لازىملىق ماددى ۋە مەنىۋى رولنى ئوينايدۇ.

*مىسال كەلتۈرسەك؛ مۇستەملىكىنىڭ قەدىمى باسمىغان بەزى بىر ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى نادانلىق، بىلىمسىزلىك ۋە كەمبەغەللىك شارائىتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بويسۇنىدۇ. ياپۇنىيە ۋە گېرمانىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەملىكە ئاستىدا قالسىمۇ، ئۇ دۆلەتلەردە مۇستەملىكىنىڭ شارائىتلىرى تېپىلمايدۇ.

ئۆزىمىزگە قارىساق بىدئەت، خۇراپات قۇچىقى ئارىسىدا تۇرۇۋېتىمىز .نۇرلۇق پىكىرلەر ئەقىللەردىن غايىپ بولۇپ، ئورنىغا بىدئەت ۋە خۇراپات چۈشۈپتۇ .خۇراپات ھەر شەھەر ۋە ھەر بازادا ئۆزىگە مىنبەر تىكلەپ كىشىلەرنى مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئۇنتۇلدۇرۇپ، تارىخ يولىدىن يىراقلاشتۇرماقتا.

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلماي، مەنىۋى جەھەتتىكى ئىللەتلىرىمىزنى تازىلىماي ۋە بىلىمسىزلىكىمىزنى يوقاتماي تۇرۇپ ھوقۇقىمىزنى جاقىراپ تەلەپ قىلساق مەقسەت ئىشقا ئاشارمۇ؟!

*يامان يېرى شۇكى، بىلىمسىزلىك بىلىم كىيىمنى كىيۋالىدۇ، بۇ خىل بىلىمسىزلىك خەلق

نادانلىقدىنمۇ يامان، خەلق نادانلىقى ئېنىق، داۋالىماق ئوڭاي، بىراق بىلىم كىيىمنى كىيىۋالغانلارنى داۋالىماق تەس، چۈنكى ئۇ بىلەرمەنلەر مەغرۇرلىقدا يۇشۇرنىۋالىدۇ.

*بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ، قولدىن كەتكەن ھوقۇقىمىز توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىمىز بىز ھەقلىق بولغان ئارزۇلاردا ئەمەس بەلكى بىزنى چىرماپ كەتكەن يامان ئادەتلەردە، ئوي پىكرلىمىزدە، ۋە ئىجتىمائى تەسەۋۋۇرىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

تۆۋەندىكى مۇتەپەككۇر مالىك نەبىنىڭ ھەزارەت ئويغۇنۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم كۆز قاراشلىرى

بەزى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ۋاپات بولىشى بىلەن تەڭلا يوقۇلۇپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ بەلگىلىك ۋاقىتتا مۇئەييەن ھالەتنى داۋالايدۇ. لېكىن مالىك نەبىنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەمىشە ھايات تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ئۇ غەرب بىلەن كۆرەش ئوتىدا تۇرۇپ ئىسلام دۇنياسىنى تەتقىق قىلغان. مالىك نەبى 1905-يىلى تۇغۇلۇپ، 1973-يىلى ۋاپات بولغان.

"نېمە ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى ئارقىدا قېلىش كىسىلىدىن ناھايىتى ئاستا ساقىيىۋاتىدۇ؟"دېگەن سوئالغا، مالىك نەبى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەندى:"ئىسلاھات ئۈچۈن ئېنىق پروگىراممىنىڭ يوقلىقى؛ نىشان، ئۇسۇل ۋە باسقۇچ پىلانلىرىنىڭ بەلگىلىك نەزىرىيەسىنىڭ يوقلىقى سەۋەبتۇر. ئەگەر بىز ئىسلام ئىسلاھاتچىسىنىڭ كۈچلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ياخشى نىيەت تېپىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پروگىراما پۈرىتى تېپىلمايدۇ". ئىسلام دۇنياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كېسىلى ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەن ۋە تەھلىل قىلىنغان تەتقىقاتلار يوق، ھەل قىلىش چارىلىرى ئوچۇق بىكىتىلمىگەن. قايسى مۇھىم، قايسى بەكرەك مۇھىم پەرق ئېتىلمىگەن "...

ئىسلام فىقھىسى يېتەكچىلىرىگە ئوخشاش ئەمەلى قىيىنچىلىقلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلمايدۇ! قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشۈنۈش ئىمام مالىك ۋە ئەۋزائىلارغا ئوخشاش ئىماملارنى دىنى مەسىلىلەردە جىدەل ۋە خۇسۇمەتنى يامان كۆرىدىغان ۋە خىزمەتكىلا مەركەزلەشتۈرىدىغان ھالغا

كەلتۈرگەن ئىدى.

سىرتقى كېسەل(يەنى مۇستەملىكە) قىينىچىلىقى تۈگىرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن ئىچكى كىسەللەرگە نەزەر سېلىش لازىم. مالىك نەبى مۇسۇلمانلارنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈشتە دۆلەت ۋە سىياسى ئىسلاھاتتا قاراتقاندىن بەكرەك شەخس ۋە جەمىيەتنى تەكشۈرۈشكە كۈچىنى بەكرەك مەركەزلەشتۈرگەن.

بىرىنجى : ئىچكى كېسەللەر

.1ئەخلاقنىڭ چىرىكلىشىشى :

ئەخلاق مالىك نەبىنىڭ ئىچىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى ئەخلاق سىياسەت، ھەزارەت ۋە جەمىيەتكە ئالاقىدار بولىدۇ، ئەخلاقنىڭ يوقىلىشى بىلەن تەرەققى قىلغان جەمىيەت چۈشكۈن ۋە چاك كەتكەن جەمىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇسۇلمان دۇچ كەلگەن ئەڭ ئېغىر كېسەل نەمۇنىسى قۇرئان كەرىم بىلەن ئەمەلى ھايات(تەتبىقلاش)نىڭ ئايرىلىپ كېتىشى بولۇپ، ساھابىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرگەن تۈرتكە ۋە سەۋەبلەرنىڭ يوقىلىشىدۇر. بۇ نوقتىنى شائىر فىرەزدۇق ھەزرىتى ھۇسەين ئىبنى ئەلى بىن ئەبى تالىبقا ئىراقلىقلارنى سۈپەتلەپ:"ئۇلارنىڭ قەلبلىرى سەن بىلەن بولغىنى بىلەن، قىلىچلىرى بەنى ئۇمەييە بىلەن بىرگە"دەپ خۇلاسىلىغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ۋىجدانى ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن قېچىشقا باشلىدى، خاۋارىجلار ھەرىكىتى ۋە مۆئتەزىلە ئىدىيىسى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر .ئاخىرقى ئەسىرلەردە بۇ كېسەل تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمان مەغرۇرلىقى سەۋەبىدىن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئاڭ پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە:"ئىسلام مۇكەممەل دىن، مەن بولسام مۇسۇلمان، دېمەك، مەن مۇكەممەل مۇسۇلمان "دىگەن سېلىشتۇرما پەيدا بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلماننىڭ نەزرىدە ھەرىكەت ئېڭى تەسىرگە ئۇچرىدى، شۇڭا ئۇنىڭ چىقارغان كۈچلىرى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ھەسسە قوشالمىدى. بۇ ئەيىپ ۋە نوقسان سەۋەبلىك ئىجتىمائى ئالاقىلىرى ئاجىزلىشىپ كەتتى، شەخسلەر

تەربىيە پروگراممىسى ئىچىدە-گەرچە بۇ بەك مۇھىم بولسىمۇ- بىرلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى. "الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى.سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛لېكىن الله(ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن)ئۇلارنى ئىناق قىلدى"(ئەنفال سۈرىسى، 63-ئايەت). مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن قېرىنداشچىلىق پرىنسىپى سائادەت خىتابلىرىغا ئايلىنىپ قالدى، ئىسلامى قېرىنداشلىق ئەدەبىيات ساھەسى ئىچىدە زىننەت ۋە تۇيغۇغا ئۆزگىرىپ قالدى.

.2ئىدىيە كاشىلىسى:

.(1ئاددى ئەقىل(يەنى مەسىلىنى ئاددى ئويلاش ئەقلى): مۇسۇلمان نەرسىلەرگە باھا بېرىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ ياكى قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ مەسىلە ئىككى تۈرلۈك كىسەلدە كۆرۈنىدۇ. بىرسى: ئىشلارنى بەك ئاددى ساناش يەنى جاپا ياكى قىيىنچىلىق تارتىش يۈز بەرمەيدۇ، دەپ قاراشتۇر .مالىك نەبى بۇ خىل ئاڭنى "ئاددى ئەقىل" دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاددى ئەقىلنىڭ ياخشى مىسالى پەلەستىن مەسىلىسى. چۈنكى بۇ ئاددى ئەقىل:مۇستەملىكچى يەھۇدىيلارنى پەلەستىندىن بىر قانچە ئاي ئىچىدە چىقىرۋەتكىلى بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا بىرلا پۈدىسەك ئۇچۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر جاراھەتلىك تەبلىغ قىلساق مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. يەنە بەزىلەر بىردىن بىر قەھرىماننى ساقلىساق مەسىلىمىز ھەل بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىشىدۇ. يەنە بەزى مۇسۇلمانلار لوگىكىلىق چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.

پۈرسەتپەرەس ۋە شەخسىيەتچى سىياسىيۇنلار:خەلقنى ئالداش ئۈچۈن مۇستەملىكچى، ئىمپېريالىزىم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەندەك جاراھەتلىك سۆزلەرنى ئىستىمال قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر تۆۋەنگە قاراپ ماڭغان ئادەمنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنگە تېز ۋە ئاسانراق تېيىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ كېلىدۇ .

ئاددى ئەقىل كۆز قارىشىنىڭ ئەمەلى ئىسپاتى ئىبنى خەلدۇننىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىبتىدائى ھالىتى توغرىسىدا بايان قىلغان سۆزىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۇلار ئاددى ئىشلارغا ۋە ئاددى-ساددىلىقتا كۆنۈپ قالغان ئىدى، چۈشىنىش قىيىن بولغان ھەر قانداق نەرسىنى تاشلايتى، لېكىن رەسۇلۇللاھ دەۋەت ئىشلىرىدا قىيىن ئۇسۇللارغا تايانغان بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل تەربىيلەشنى ئارتۇق بىلگەن ۋە ئاسان مۆجىزىگە تايانمىغان ئىدى.

كېيىنكى دەۋرلەردە "كارامەت "توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى، ئەدىب ياكى شائىر

ئاسان ئۈسۈلغا مايىل بولىۋالدى.

)ھازىرقى دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاددى ۋە ساددا ئەقلىلىقىدىن تەشۋىقات ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئامېرىكىلىقنىڭ فىلىملىرىنى كۆپ كۆرگەچكە، ئەپسۇسكى ئامېرىكىنىڭ ھەممە ئەسكەرلىرىنى رامبۇ ياكى سوبىرمان...دەپ ئويلاپ قالىدىغان ئاڭ پەيدا بولۇپ قالدى، ئامېرىكىنىڭ ۋەتىنامدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلىدى(.

.(2يوقىرىقىنىڭ ئەكسىچە ئىشلارغا "مۇمكىن بولمايدۇ،تاشنى تۇخۇمغا ئۇرغانلىق بولىدۇ"دېگەن ،ئاڭ بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا مۇسۇلمان" ئىشلارنى مۇمكىن ئەمەس" دەپ باھالايدۇ ۋە قىلىش لازىم بولغان ئىشلار ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. بەلكىم ئۆزىنى چارچىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قەستەن زورايتىپ تەسەۋۋۇر قىلسا كېرەك ياكى ھىممەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن مۇمكىن بولماي قالىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئىسلام دۇنياسىدا، بەزى خەلقلەر يۈرتلىرىدىن مۇستەملىكچىنى قوغلاپ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدىغان بىر مەزگىل ئۆتكەن ئىدى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بولسا بۇ دەۋردە ئىسلام ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراۋاتىدۇ.

.(3نەرسە-كېرەكلەرنىڭ چېكىدىن ئېشىشى: ئەسلىدە جەمىيەت ئويغانغاندا"نەرسلەر، شەخسلەر ۋە ئىدىيەلەر"ئارىسىدا ماسلىشىش ۋە تەڭپۇڭلىشىش ۋۇجۇتقا چىقىشى لازىم ئىدى. لېكىن ھازىر مىقدار ھەممە نەرسىنى ئىگەللىۋالدى، شۇڭلاشقا ئاپتور نېمە توغرۇلۇق بىر نەرسە يېزىۋاتىدۇ، بۇ توغرۇلۇق سورالماي، قانچە بەت بىر نەرسە يېزىپتۇ دەپ سورىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر ئورگىنى ئىدارە ۋە ئىشخانىلىرىنى راسلىماقچى بولغاندا خىيالى مىقداردىكى پارتا- ئورۇندۇقلارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، چوڭراق خىزمەتچى ئىشخانىسىدا تۆت تېلفۇن بەش ھاۋا تەڭشۈگۈچنىڭ بولىنى نى ئارزۇ قىلىدۇ. بىرەر جەمىيەت ئويغىنىش ياكى تەرەققى قىلىشتىن ئىلگىرى كەمبەغەل بولغان بولسا، يەنە بەزى جەمىيەت تەرەققى قىلغاندىن كېيىن نەرسلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ جەمىيەت ھاياتلىقنىڭ تەسىرىدىن خالى بولۇپ قالىدۇ.

.(4شەخسلەر دۇنياسىنىڭ چېكىدىن ئېشىشى: كىشلەر پرىنسىپقا ئېسىلىشتىن بەكرەك شەخسلەرگە ئېسىلغاندا، ئۆزلىرى -دېگەندەك بىرەر ئىش قىلماي-ياشاۋاتقان رېئال خارلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى" كەلگۈسىدىكى قەھرىمان"غا باغلايدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدىكى قۇتۇلۇش كىشلەر ئۇيۇشالايدىغان پرىنسىپ ئاساسىدا بولمايدۇ، بەلكى كىشلەر ئۇيۇشقان ۋە ئەتراپىغا توپلاشقان

شەخس بىلەن بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا پىكىر(ئىدىيە) سالاھىيىتى ۋە لاياقىتى يوق ئادەمدە مۇجەسسەملىشىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە بۇزۇلۇشلىرى ئىسلامغا ئارتىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، دەۋەت قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارار قىلدى:"مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر،ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى(ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن،بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟"(ئال ئىمران سۈرىسى، 144-بەت.(

.(5پىكىرلەر(ئىدىيەلەر)نىڭ چېكىدىن ئېشىشى :جەمىيەت ئارقىدا قالغاندا، ئىدىيەلەر چېكىدىن ئاشىدىغان مەسىلە كۆرۈلىدۇ. مۇسۇلمان ئۇنۇملۇك بىر ئىش قىلالمىغان چاغدا، تەتبىقلانمايدىغان قۇرۇق نەزىرىيە ئىدىيەلىرنى ئىزدەشكە تايىنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى، خاپىلىقلىرى ۋە ياخشى جەمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش ھەققىدە گەپ قىلماي، ھازىر بىلەن ئالاقىسى بار ئۆتمۈش توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ياكى ئۆزىنى قەھرىمان كۆرسىتىش ئۈچۈن خىيالى كۆرەش - جەڭلەرنى پەيدا قىلىدۇ ۋە رېئاللىق بىلەن ئالاقىسى يوق ئىشلاردا كۆڭلۈكى نەچچە كىتاب بېسىشقا ئىنتىرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى رېئاللىقتىن قاچقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

.(6زەررىچە ئەقىل: بۇ ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەرگە پارچە ۋە يالغۇز قارايدىغان كىسەلدۇر، ھادىسىلەرنى بىر بىرىگە باغلاپ قارىسا خۇددى بىر دۆۋە ھادىسە بولۇپ قالىدىغاندەك ئويدا بولىدۇ.

بۇ ئەقىل مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت تەسىرىدىن يىراقلاشقانلىق سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ئەقىلدۇر. بۇ ئەقىلنىڭ كۆرۈنىشىدىن:كۈچلىرىمىز ئارقىمۇ-ئارقا خىزمەت قىلىش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمايدۇ، بەلكى يالغۇز ۋە ئايرىم ئىشلار بىلەن ئالاھىدە، بىرەر پائالىيەت باشلىسا خۇددى بۇگە سەكرىگەندەكلا ئۈشتۈمتۇت يوقىلىدۇ. مىسال ئالساق، يېزىتمىزدا قانچە ژورنال چىقىپ، شۇنچە تىزلىكتە يوقاپ كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن ھاياتتىكى رولىمىز ئۆيدىكى رولىمىزدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ؟ بىئولوگىيە ماددىسىدا"ئەلاچى" بولۇپ، تارىخ ماددىسىدا لاياقەتلىك(يەنى 60 نومۇرلۇق) بولۇپ قالىمىز، نېمە ئۈچۈن ئىككى ماددىنىڭ ئارىسىدا ئالاقىنىڭ بارلىقى خىيالىمىزدىن كەچمەيدۇ؟.

ئەگەر ھادىسىلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ، تارماق قىسىملىرىنى ئومۇمى ۋە ئاساسلىق قىسىملىرىغا

باغلاشقا ئادەتلەنگەن بولساق، ئىسلام دۇنياسى دۈچ كېلىۋاتقان سىرتقى قىيىنچىلىقلارنىڭ ئوخشاشلىقىدىن ھەيران قالمىغان بولاتتۇق.

مەسىلىنى ئومۇمى چۈشىنىشتىن ئاجىزلىق قىلىش ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچتا پىشىپ يېتىلىشتىن ئاجىز كەلگەندىكى تارازىسى. لېكىن ھەزارەت باسقۇچىدىكى ئىسلام ھەزارىتى قالدۇرۇغان ئىلمى مىراسلار ئىسلام ئەقلىنىڭ ئومۇمى قانۇننى ھېس قىلىش ۋە قۇراشتۇرۇشقا قادىرلىقى بىلەن ئالاھىدە ئىكەنلىگى ۋە پارچە چۈشىنىش ئەقلىدىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇسۇل فىقھى(قانۇنشۇناسلىق) ئىلمى بۇنىڭ بۈيۈك پاكىتىدۇر.

ئىككىنجى: سىرتقى خەتەر

گەرچە مالىك نەبى مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقنى مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىلغىسىدا ئېسىپ قويماي، ئىچكى ئامىللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسلامنىڭ ئويغۇنۇش ھەرىكىتىدە مۇستەملىكچىلەرنىڭ خەتىرى ۋە تەسىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مالىك غەرب مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىچكى نىيەتلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆز قاراشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان شەخستۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپتىكى تەھلىلاتلىرى ۋە مۇلاھىزلىرى ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. مۇشۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقى باشقا مىللەتلەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىن پەرقلىق بولسا كېرەك، مۇسۇلمان ئىككى تەرەپتىن توسالغۇغا ئۇچرىدى: ئىچكى جەھەتتىن ھەزارەتتە ئارقىدا قېلىش، سىرتقى جەھەتتىن غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراش.

مۇستەملىكچى ھەممە ئىشلارغا ئارىلاشتى، شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىسلام ئويغۇنۇشغا پۇرسەت بەرمىدى. غەرب مۇستەمچىلىكى مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغان خەلقلەرنى "مەدەنىيەتلەشتۈرۋاتىمىز" دېگەن قالپاقنى كىيىۋالدۇ. ئەمەلىيەتتە، غەرب مۇستەملىكىسى ئۇ ئەللەرنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ كەمبەغەل قىلىپ قويىدى. ئەگەر بىز غەرب مۇستەملىكە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى قىدىرىپ تەكشۈرمەكچى بولساق، ئۇ مەسىلىگە سىياسىيۇنلاردەك قاراشتا بولماي، جەمىيەتشۇناس ئالىملاردەك نەزەردە بولىشىمىز لازىم.چۈنكى مۇستەملىكە كۆرنىشى ياۋرۇپالىقنىڭ خاراكتىرى، ياۋرۇپانىڭ سىرتىدا

ياۋرۇپالىق بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ئالاقىلىشىش يۈز بېرىدىكەن، ئۇ يەردە مۇستەملىكە هالىتى پەيدا بولىدۇ.

لېكىن ئىسلام ھەزارىتى گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئىبنى بەتتۇتە، ئەبۇلفىدا، مەسئۇدى ۋە ئىبنى جۇبەيرىنىڭ سەپەرلىرى ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە ئىشتىھاسىنى قوزغىيالمىدى.ئادەتتە مۇنداق سەپەرلەر ياۋرۇپالىقنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ قويىدىغان ئىدى. مۇستەملىكە پىسخىكىسىغا مۇتەخەسسىس يازغۇچى منۇنى مۇنداق دەيدۇ:"ياۋرۇپالىق ئىنسانسىز دۇنيانى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بىرسى : ياۋرۇپالىق جىنايىتىگە گۇۋاھچى تاپالمايدىغان دۇنيانى ياخشى كۆرىدۇ، دېسە، ئۇنىڭ دېگىنى توغرا."

مۇستەملىكچى مۇسۇلمان ـبولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە ئوقۇۋاتقان ـياشلار بىلەن پائالىيەت لوگىكىسىنى ئىشقا سالىدۇ، يەنى ئىدىيە جەھەتتىن مەدەنىيەت ھۇجۇمى قوزغاپ، مۇسۇلمان ياشلارنى روھى جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ .ئۇنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق:"بىز ھەممە نەرسىنى كونترول قىلىپ تۇرىمىز، بىز بەك قۇدرەتلىك، دېمەك بىزنىڭ ئىدىيەلىرىمىز توغرا"دېمەكچى بولىدۇ. نەتىجىدە بۇ مۇسۇلمان ياشنىڭ پىسخىكىسىنىڭ چوڭقۇرىغا يەرلىشىپ كەتكەن بۇ غۇۋالىق ۋە ئىچكى مەغلۇبىيەت ئىدىيە كۆرەشلىرىنىڭ سۈيقەستلىرى ئايلىنىدىغان مەركەزگە ئايلىنىدۇ.

مۇستەملىكچى ھازىرغا قەدەر ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھىلىگەر ئۇسۇللارنىڭ بىرىسى: مۇسۇلمانلىنى ـبۇ ئەسىرنىڭ تاشلاندۇقىغا ئوخشاش كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ـ تۈرلۈك تۆھمەت بىلەن ئېيىپلايدۇ ۋە تۆھمەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىكى مۇسۇلماننىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىرىقى تۆھمەتلەرنىڭ ئىنكاسىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇداپىئە قىلىش ئىنېرگىيەلىرى يوقىرى دەرىجىگە ئۆرلەپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۆھمەت قىلىنىپ ياكى تۆھمەت قىلىپ ياشايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مۇسۇلمان بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىيالى مەرىكە(كۆرەش)لەرگە كىرىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقى مەسىلە ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىشتا ئەمەس بەلكى مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنى قانداق مۇداپىئە قىلىشنى ئۆگىتىش ئىدى.

ئۈچىنجى: ھەزارەت يۈلىنىشنى يوقۇتۇپ تاشلاش

قۇرئان كەرىم مەركەزلەشتۈرگەن كائىنات قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەزارەتلەرنى تارىخ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش ئىچكى كىسەللەرنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا ھەزارەت يۈلىنىشىدە ئويغۇنۇش ئۈچۈن ھەل قىلىش چارلىرىنى تەقدىم قىلىپ بېرەلەيدۇ. تۆۋەندىكى نوقتىلارنى مالىك نەبىنىك ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىدىن خۇلاسلاش مۇمكىن:

1.ئىنسان قوبۇل قىلغان پرىنسىپقا چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم ئىشىنىش لازىم :

بۇ ئىمان ۋە ئىشەنچ ئىنسانغا كۈچ ئۈستىگە كۈچ ۋە تاقەت ئاتا قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىيەلەيدۇ ۋە بۇ ئىمان ناھايىتى كۈچلۈك ھېسىياتقا ئايلىنىدۇ. روھنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەتكە ئويغۇنۇش ۋە تەرەققى قىلىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلالايدۇ، كىم يوقىرى ئۆرلەش ئىقتىدارىنى (روھنى ) يوقىتىدىكەن، تەبئىكى زېمىنىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن تۆۋەنگە يىقىلىدۇ.

مالىك نەبىنىك ئىيادىلىشى بويىچە"روھى سىلكىنىش ۋە جىددىيلىشىش "باسقۇچىغا يەتكەن مۇسۇلمان، مەدىنىدە بىرىنچى مەسجىدنى بىنا قىلىش بىلەن چەكسىز بەخت-سائادەتنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال بىلالغا ئوخشاش بىر كىشىنى"ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر"دەپ توۋلاپ تۇرۇپ، قۇرەيش مىللىتى بىلەن قارشىلىشالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانىنىڭ ۋىجدانىنى ۋەدە (ساۋاب) ۋە ۋەئىد(جازا)، قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش ئارىسىدا قويىدى. ئۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ مۇسۇلمانىنىڭ ۋىجدانىنى ئەڭ مۇناسىپ شارائىتتا قويىدى دېگەنلىك بولىدۇ:"پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا الله نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ"(ئەئراف سۈرىسى، 99-ئايەت)،"پەقەت كاپىر قەۋملا الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ"(يۇسۇف سۈرىسى، 87-ئايەت.)

دوكتۇر ئالكىس كارىل بۇ ھەققەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:"ئىمان دېگەن ئادەمنى ئەمەلگە )خىزمەتكە) ئىتتىرىپ تۇرىدۇ. ئەقىل ئۇنداق قىلمايدۇ، ئەقىل ھۇشيارلىق يولنى يورىتىپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ ئالدىغا ئىتتىرمەيدۇ"(ئىنسان ئىستىلدىكى مۇلاھىزىلەر،-139 بەت.)

بۇ ئىمان(ئىشىنىش) ئىنىرگىيەسى رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە مۇسۇلمانىنى مۇھاجىر قىرىندىشى بىلەن

بايلىقنى بۆلۈشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلىدى، مۇشۇ ئىمان بىر قانچە كۈن ئىچىدە مەدىنە شەھىرى ئەتراپىدا ساھابىلارنى خەندەك كولاتقۇزالىغان ئىدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسى:"ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى (تىرىشىپ ئوقۇغىن"(مەريەم سۈرىسى، 12-ئايەت.(

.2ئىجتىمائى ئالاقە تورى:

جەمىيەت ئادەم دۆۋىلىرىدىن تەركىپ تاپمايدۇ، بەلكى ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇئەييەن ئالاقىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. مەسىلەن، ھايۋانات دۇنياسىدا مەنپەئەت قانچە مۇرەككەپلەشكەنسىرى پائالىيەت شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەگەر بىز قۇشلارنىڭ قۇرۇپ چىققان چاڭگىسىغا قارايدىغان بولساق ئىجتىمائى پائالىيەتنىڭ سۈرىتىنى كۆرەلەيمىز، لېكىن ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش ئائىلە شەكىلدىنمۇ كەڭرەك تۈزۈم بىلەن ياشايدىغان جانىۋارلارنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. ھەسەل ھەرىسى جەمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى جانلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەرە كۆنەكلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن كۆپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەنىۋى شەكىلگە قارايدىغان بولساق، ئىشلەپچىقىرىش ھەرە كۆنىكىگە(بىر كۆنەكتىكى ھەرىلەرگە) مۇنتىزىم ھايات تۈزۈمىنى بەلگىلەيدۇ، بىز بۇ ئاددى جەمىيەتتە خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ ئىجرا قىلىش كۆرنىشىنى بايقىيالايمىز.

ئىسلام جەمىيىتىدە ئويغۇنۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىلان تۈزىۋاتقان كىشىلەردە ئىجتىمائى ئالاقە توغرىسىدا ئېنىق پىكىرلەر بولىشى لازىم. چۈنكى ئىجتىمائى قۇرۇلما قۇرۇش ھەرىكىتى ئاسان ئىش ئەمەس، سەۋەبى پىسخىكا مۇرەككەپلىكى شەخسنىڭ ئىچىدە ئەمەس بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىدە بولىدۇ .بۈگۈنكى ئىسلام جەمىيىتىدىكى شەخس ئىجتىمائى ئالاقىنىڭ ئاجىزلىق تۈپەيلى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ خىزمەت قىلغىدەك سەۋەب ۋە كېپىللىك تاپالمايدۇ.

.3ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت:

ئادەم ئادەتتە ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىشكە ئېنتىلىدۇ، بەزىدە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئېغىرلىق قىلىدۇ، ئىشلارنى ئاددى كۆرۈش ۋە ئاسان ساناش كىسىلىگە يولۇققان ئۈممەت(مىللەت)ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشنى بىلىدۇ ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى خەلق ئاممىسنى يالغان شېرىن-شىكەر گەپلەر بىلەن ئالداشقا ماھىر

داھىلارنىڭ ھېلىگەرلىك سىياستى سەۋەب، چۈنكى ئۇلار ھوقۇقنى تەلەپ قىلىشقا بەك قىزىقتۇرىدۇ، بۇ چۈشىنى قوغلاپ يۈرگەن ھەسەلگە ئوخشايدىغان بىر ئىش. لېكىن مەجبۇرىيەت دېگەن سۆز مەنپەئەتپەرەسلەردىن باشقىسىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالمايدۇ، مەجبۇرىيەت دېگەن سۆز بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، ھەق-ھوقۇق دېگەن سۆز بۆلىدۇ ۋە پارچىلايدۇ .مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچىنجى دۇنيا ئەللىرىدىن قايسى بىر دۆلەت مۇستەملىكە زەنجىرىدىن قۇتۇلغان بولسا، پارتىيەلىرى مەجبۇرىيەت توغرۇلۇق سۆز قىلىشنىڭ ئورنىغا غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئىچكى جەھەتتىن تالاش تارتىش قىلماقتا ۋە ئۇرۇشماقتا.

مالىك نەبى بۇ تېما ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر بۆلۈك سىياسىيۇنلارنىڭ ئۈممەت مەسىلىسىگە قارىتا مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەيداندا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلار بۇ كىسەلنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ماقالىلەرنى يېزىشتى، غەرب مۇستەملىكچىلەرگە تىنىقلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكىچە ئاچچىق خىتابلار بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى. لېكىن مەسىلە ئۇلارنىڭ چىقارغان كۈچلىرى بىلەن ھەل بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار مەسىلىگە توغرا ھەل قىلىش يولى ئارقىلىق قەدەم باسمىدى، ئۇ بولسىمۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش، ئۇ بولسىمۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە ھەسسە قوشىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ كىسەل ھازىرغىچە ئەقىلنى ئىگەللەپ تۇرىۋاتىدۇ، بىرەر مەھەللە ياكى بىرەر يېزالاردا كوچا تازىلاش ياكى يول ياساش ياكى دوختۇرخانا قۇرۇش ياكى مەكتەپ سېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان چاقىرىقلارنى كۆپ ئاڭلايمىز، ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى ھەمكارلىشىپ قىلسا قىلالايدىغان ئىشلاردىن ئىبارەت .دېمەك، ھەق-ھوقۇقتا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىردىن بىر يول مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتۇر.

.4ئىشچان ۋە پائالىيەتچان بولۇش:

مالىك نەبى بۇ تېمىغا كۆپ مەركەزلەشتۈرىدۇ: مۇسۇلمان توغرا ئىدىيەگە ئېگە تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇ توغرا ئىدىيەنى رېئاللىق دۇنياسىدا تەتبىقلاشقا قادىر بولالمايدۇ؟ سەۋەبى ئۇ پائالىيەتچان ئەمەس. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇسۇل-چارىلارنى، نەرسىلەر بىلەن نىشانلارنى باغلايدىغان قائىدىنى يوقاتتى، ئۇ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلمايدۇ، بەلكى قۇرۇق گەپ قىلىش ئۈچۈن ئويلىنىدۇ.

ئەقىلنىڭ تۇغماسلىقى مانا مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىقىدۇ، مۇسۇلمان پالەج ھالغا چۈشۈپ قالغان كېيىككە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلماننى مەدەنىيەت ۋە مائارىپ بىلەن ئوراپ ۋە غىزالاندۇرۇپ تۇرغان مۇھىت خاتا ئۇقۇمدىكى زاھىدلىق ۋە تەسەۋۋۇپچىلىقتۇر. بۇ ساختا زاھىدلىق ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققى زاھىد ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ياكى ئىمام مالىكنى تەمسىل قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

قۇرئاننى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان مۇسۇلمان دېگەن ئويغۇنۇشقا پىلان تۈزۈشتە قۇرئان كەرىمدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. قۇرئان كەرىم مۇسۇلماننىڭ شەخسىيىتىنى قۇيۇپ چىققان تەڭپۇڭلۇق پائالىيەتچانلىق ۋە ئىشچانلىققا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىلدۇر. شۇنداقلا شەرىئەت مۇسۇلماننى سەل قاراش ۋە مۇتەشەددىلىك قىلىش(چەك تۇرمايدىغان مەسىلىلەردە چەك تۇرۇۋىلىش) ئارىسىدا تەڭپۇڭ ھالدا تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

### .5تۇيپلاش ۋە قۇرۇش:

مالىك نەبىنىڭ قارىشىچە، ساپ تەبىئەت(مجەز-خاراكتىر)كە ئىگە ئادەم ھەزارەت باسقۇچىغا يەنە بىر قېتىم كىرىشكە باشقىلاردىن بەك تەيياردۇر. ساپ تەبىئەت(مجەز-خاراكتىر) ئادىمى نەرسە-كېرەكلەرگە قۇل بولۇپ قالمىغان ۋە زالىملارنىڭ زۇلمىغا باش ئەگمىگەن ئادەمدۇر، نەرسە -كېرەكلەرگە قۇل بولۇش ۋە مۇستەبىدلارغا باش ئىگىش ئەركەكلىك قىممىتىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى يوقىتىدۇ .

مالىكنىڭ نەزىرىدە بۇ ساپ تەبىئەت ئادىمىنىڭ مۇقابىلىسىدە ئاز نەرسە بىلەن رازى بولىدىغان ئادەم تۇرىدۇ. بۇ ئادەم ئاز نەرسە بىلەن رازى بولىدىغان ياكى ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئاددى خىزمەتچى بولۇش بىلەن رازى بولىدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئادەمنىڭ روھىغا چۈشكۈنلىشىش ئامىللىرى سىڭىپ كەتكەن ئادەم بولۇپ، روھى دۇنياسىدا داۋاملىق مەغلۇبىيەت روھىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. بۇ ئادەم داۋاملىق يېرىم يول، يېرىم ئىدىيە، يېرىم تەرەققىيات بىلەن توختاپ قالىدۇ، نىشانغا قانداق يېتىپ بېرىشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ساپ مجەز خاراكتىر ئادىمىگە ئوخشاش تارىختىكى باشلىنىش نوقتىسى بولالمايدۇ ياكى ھەزارەت ئادىمىگە ئوخشاش ئاياغلىشىش نوقتىسمۇ بولالمايدۇ، بەلكى ھەزارەت تەرەققىياتىدا ئېسىلىپ قالغان بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئادەمنى يېرىم ئادەم دەپ سۈپەتلىسەك ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەم ئىدىيە مەيدانىدا يېرىمنى ئۆچۈرۈۋېتىپ (رەت قىلىپ)، قالغان يېرىمنى قوبۇل قىلىدۇ، تېخى ئۇنى سىياسەت دەپ ئاتىۋالىدۇ، بۇ

ئادەمدە يېرىم كۈچ، يېرىم تىرىشچانلىق ۋە يېرىم يولدىن باشقىسى تېپىلمايدۇ. ساپ مىجەز- خاراكتېرگە ئىگە ئادەم گەرچە كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولالمىسىمۇ، لېكىن يېرىم نەرسىگە ئىگە بولغان كىشىدىن كۆ)مەتىمىن ئەلا) تەننىڭ ئېتىكىسى

## تەننىڭ ئېتىكىسى: قىسقىچە شەرھ[1]

»بەدەن قۇياشلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟» دەپ سۇرەن سالدى كىچىكلەر.

--روبېرت بروۋنىڭ، «مەلۇم خەلق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش«

تەنلىنىش ياخشىلىقتۇر.

--ۋىلىيام دېزموند، «مەۋجۇدات ۋە ئوتتۇرىلىق«

ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ماتېرىياللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دۇنيادا ياشاش قىسمىتى پۈتۈلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماتېرىياللىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تېنى بار. رېنې دېكارتنىڭ «ئويلاۋاتىمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت» دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنى» مېنىڭ تېنىم بار، شۇڭا مەن مەۋجۇت» دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئېيتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى شۇ يەردىكى، خۇددى دېكارت ئېيتقاندەك، ئادەم ئويلايدىغان نەرسىدۇر .گەرچە بىز ماددىيلىق تەرىپىدىن قورشالغان بولساقمۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ماددىيلىقىدىن ئەڭ قايمۇقساق كېرەك. ئەگەر تۆۋەندىكى سوئاللار بۇ قايمۇقۇشنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىۋېتىدۇ: مەن

تەندىن بۆلەك نەرسە ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ تېنىم مەن ئۈچۈن نېمە :ئۇ مېنىڭ ئۆيۈممۇ، مېنىڭ مەن خالىمايدىغان سەپەرداش ھەمراھىممۇ، مەن ۋاقىتىنچە تۇرىدىغان تۇرالغۇمۇ ياكى تۆرەلمىشىمنىڭ ياخشىلىقىمۇ؟

تەنىنى تەپەككۇر قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىر يازغان پەيلاسوپلار ئۈچۈن شۇ نەرسە ئالدى بىلەن بىلىنىشلىككى، تەن ھادىسىسى بەكلا مۇرەككەپ ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەك بەكلا قىيىن، چۈنكى ئۇ بىزگە شۇنچە يېقىن، شۇڭا ئۇنىڭ بىزگە شۇ قەدەر ئايرىلغۇسىز دەرىجىدىكى تونۇشلۇقىنى دېمەيلا قويايلى. يەنى تەن ھەققىدىكى ھەرقانداق ئويلىنىش تەنىنىڭ قاتنىشىشىدىن ئايرىلمىغاچقا، ئۇنى تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتى قىلىش ھەقىقەتەن تەس، چۈنكى ئۇ چاغدا بىز بۇ تەپەككۇرنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ زادى كىملىكىنى ئايرىۋېلىشقا ئامالسىز قالىمىز. ئۇنىڭدىن سىرت، خىلمۇ خىل كۈچلەرنىڭ ئېقىمى، مەيلى بۇ كۈچلەرنى تەبىئەتنىڭ كۈچلىرى ياكى ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچلەر بولسۇن، دەل تەن ئارقىلىق مۇئەييەن شەكىلگە كىرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ۋە خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىش ھەقىقەتەن قىيىندۇر.

بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئىنسانىنىڭ تېنىنى ئىلىم-پەنىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ھالدا تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ—بۇنىڭدا ئۇ خۇددى باشقا ئورگانىزملارغا ئوخشاش پەقەت بىر نېترال ئورگانىزم سۈپىتىدە قارىلىدۇ .يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، تەنىنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى بولۇپ، يارىتىلغان ۋە بىز توختىماستىن يارىتىپ تۇرىدىغان مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىكى بىر خىل ئۆزگىچە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەن بىزنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە، ئاندىن دۇنياغا خۇددى مۆھۈردەك ئۇرۇلۇشىمىزنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ دۇنياغا قاتنىشىشىمىز مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. تەن بىزنىڭ ئەڭ تىرەن ۋە تۈپكى پاكىتچانلىقىمىز ۋە ماددىيلىقىمىزدۇر، بۇ ئارقىلىق بىز ئەتراپىمىزدىكى ۋە بىزدىن ھالقىغان باشقا پاكىتچانلىق ۋە ماددىيلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيمىز.

بىز ئۆز تېنىمىزگە بىرلا قېتىم شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم چۈشكەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىز ئۇنىڭغا ئۆزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە باغلانغان، شۇنداقلا بىزدە ئۇنىڭغا قارىتا ئالدىنقى-چۈشىنىش بار. ۋەھالەنكى، بىزدە تەنگە قارىتا ئالدىنقى- چۈشىنىشنىڭ بولۇشى بىلەن بىزنىڭ تەنلىك (تەن شەكلىدىكى (پاكىتچانلىقىمىز شۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇكى، بىزنىڭ تەنىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرۇشتا تەرەپسىز ئورۇندىكى كۆزەتكۈچىلىك رولىنى ئېلىشىمىز بەسى مۈشكۈلدۇر. مەسىلە دەل تەنىنى ھەم ئىچىمىزدىكى ياكى بىزدىكى شۇنداقلا سىرتتىكى ياكى بىزدىن

ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوبيېكت سۈپىتىدە قاراشنىڭ ئىنتايىن قىيىن بولۇشىدۇر. تەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى پەلسەپىۋە تەتقىقات بىرلەمچىلىك ياكى قوش ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئەمەس، بەلكى زىددىيەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. چۈنكى، شۇنداق دېيىش تامامەن مۇمكىنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ تېنىدۇرمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن پەقەت تەنلا ئەمەس. خۇددى كۆپ قىسىم پەيلاسوپلار تەپەككۇرنى ئالدى بىلەن ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئادەتتىكى ئوبيېكتنى پەۋقۇلئاددە ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇشتىن باشلىغىنىدەك، بىزنىڭ تەن ھەققىدىكى بۇ قىسقىچە شەرھىمىزمۇ ئالدى بىلەن بىز ئادەتتە ئارىلىق ساقلىيالمايدىغان نەرسىدىن ئارىلىق قالدۇرۇشتەك يەنى بىزنىڭ مەلۇم نەرسىنى ئوبيېكت قىلىشىمىزغا قاتنىشىدىغان نەرسىنى «ئوبيېكت» قىلىشتەك ئۇرۇنۇشىمىزدىن باشلىنىدۇ: تەن. بىز ئۇچرايدىغان يەنە بىر قىيىنچىلىق ئۆزلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزگە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھلەش مەسىلىسىدۇر.

يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلارنى كۆزىمىزدىن قاچۇرىۋەتمىگەن ئاساستا، ماقالىمىز ئەپلاتوندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى زامان غەرب پەلسەپىسىگىچە تەن بىلەن ئېتىكىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش ۋە تەكرارلىنىش ھادىسىسىگە قىسقىچە قاراپ چىقىدۇ.

*****

ئادەم سورايدىغان سوئاللارنىڭ تۈنجىسى ۋە ئاخىرقىسى كۆپ ھاللاردا كەڭ مەنىدىن ئالغاندا »مەۋجۇت بولۇش» نىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە بولسا، تار دائىرىدىن ئالغاندا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدىكى سوئاللار بىلەن تۈگەللىنىدۇ. بۇ سوئاللار ئۆزىدە ئىنساننىڭ كاللىسى دائىم دۇچ كېلىدىغان مۇنداق بىر يوشۇرۇن سوئالنى ساقلىغان بولىدۇ: دۇنيادىن ئىبارەت سىستېمىلاشقان ماددىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىچىدىكى ئىنساننىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقى بولغان تەننىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھادىسىلەرنىڭ بىرى دەل ئىنساننىڭ دۇنيادىن قېچىپ، ئۆزىنى ئايرىم بىر بوشلۇقتا—ئىنسان تېنىگە—ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بۇ ئايرىلىپ تۇرۇشنى ئاڭقىرىپ تۇرۇشىدۇر .تەنگە خاراكتېر بېكىتكەندە ئۇنىڭ كائىناتتىن ئايرىلغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماتېرىياللارنىڭ بىر جۇغلانمىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. كائىنات ئەلۋەتتە تەننىڭ تۈرلۈك مۇمكىنچىلىكتىكى بوشلۇقىنى تەشكىل قىلىپ تۇرسىمۇ، ئىنساننىڭ ئىچكى «كائىناتى» ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ئۇنىڭ ماددىيلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قىسمى بىلەن ئايرىلغۇسىز دەرىجىدە باغلانغان—بۇ ئۇنىڭ پسىخىك-ئىچكى دۇنياسىنى ياكى

قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپنى يەنى روھ بىلەن تەننى بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇق ئىچىدە—يەنى ۋۇجۇتتا—بىر بىرىگە كىلىشتۈرۈپ ياشاشتىنمۇ قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك. ئادەم بۇ ئىككى تەرەپنىڭ جىددىي توقۇنۇشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ توقۇنۇشىغا نېترال پوزىتسىيىدە بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ تەنىنىڭ پانىيلىقى، چەكلىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتچانلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن ھالقىشقا بولغان مەڭگۈلۈك ئىستەك ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن يۈز بېرىپ تۇرىدىغان توقۇنۇش ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مانا مۇشۇ توقۇنۇش ئۇنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىكى تەقدىرىگە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تامغىسىنى ئۇرغان .

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قاراڭغۇ تۇپراققا كىرىشتىن ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ.[2] بۇ يەردىكى ئۆلۈم ئەلۋەتتە تەنىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ. تەنىنىڭ بۇزۇلۇشچانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، بولۇنۇشچانلىقى ۋە پانىيلىقى مۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: ئىنسانىنىڭ قەلبى بۇ توقۇنۇشقا جاۋاب ئىزدىشى كېرەك. بۇ جاۋاب ئەلۋەتتە دائىم رادىكال ئىنكاس قايتۇرۇش شەكلىدە بولىدۇ. ئىنسان ئەنە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تېنىنى قېچىپ قۇتۇلغۇسىز سايە، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سەپەرداش ياكى نومۇسلۇق ھايۋانلىق سۈپىتىدە قارىشى مۇمكىن. (ياكى ئادەم ئۆزىنىڭ تەنلەنگەنلىكىنى خۇددى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قوبۇل قىلغاندەك ئاددىيلا ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمۇ مۇمكىن.) ئەگەر رادىكال ئىنكاس ئالدىنقىسىدەك بولسا، ئادەم ئۆز روھىغا بەدەنگە قارىمۇ قارشى بولغان بارلىق مۈكەممەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا روھ ئىنسان ھاياتىنىڭ پانىيلىقتىكى ئۆزگەرمەس تەرتىپىگە، ھەقىقەتنىڭ مەنبەسىگە، يورۇقلۇققا ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىغان ئەبەدىيلىككە يېتىشتىكى يولغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردە مەن روھ چۈشەنچىسىنىڭ قانداق قىلىپ ۋە نېمە ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى تۈرلۈك قاراشلارنىڭ قاراشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان تەرىزدە چۈشىنىلىشى ھەققىدە توختالمايمەن.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۆلۈمگە يېقىنلىنىدىغان تەن ئىنسان قەلبىدە يوقلۇقتىن ھالقىپ كېتىش ئىستىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ (چۈنكى تەنىنىڭ ھالاك بولۇشى ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ يوقلۇققا ئايلىنىشىدۇر.) شۇڭلاشقا، تەننى ئاجىزلىققا ۋە ھالاك بولۇشقا دۇچار قىلىدىغان بارلىق ماتېرىياللىقنىڭ ھەممىسى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىنىڭ ئونتولوگىيىلىك مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئويلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يەنى، يوقلۇقنىڭ بىردىنبىر رېئاللىقى سۈپىتىدىكى ئۆلۈمنىڭ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چەكلىمىسىگە دۇچ كەلگەن ۋە ئۇنى تەپەككۇر قىلغان ئىنسان ئەقلى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئونتولوگىيىلىك ئويلىنىشلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى ھېس قىلىدۇ. زىتلىق مەنىسىدىن

ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن يوقلۇق ئارقىلىق ئايان بولىدىغان ئىنساننىڭ تەنلىكى (ئىنساننىڭ تەن سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقى) ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سەزگۈلۈكتىن، پانىيلىقتىن ۋە ھامان ئۆلىدىغانلىقتىن ھالقىپ كېتىشكە—يەنى تەن ئالىمىدىن ھالقىپ كېتىشكە—بولغان كۈچلۈك ئىستەكنى ئادەمنىڭ قەلبىدە ياندۇرىدۇ. تەننىڭ رېئاللىقى تېگى تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئونتولوگىيىلىكتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ مېتافىزىكىلىق خاراكتېرگىمۇ ئىگە، چۈنكى ئىنساننىڭ روھىنى تەنگە قارىتا قارىمۇ قارشى ھالدا چۈشىنىشنىڭ ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ ئەقلى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىغا چەكلىمە ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ئۇنى يوقلۇققا يۈزلەندۈرىدىغان ماتېرىياللىقنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، روھنى ئىدېئال دۇنياغا يۈكسەلدۈرۈش خاھىشىغا ئىگە.

تەن، دەسلەپتە قارىماققا، قانچىلىك سەلبىي مەنىدە چۈشىنىلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ماددىي دۇنيادا ياشىغۇچى بىزلەر ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشقا، بولۇپمۇ ئەمگەك قىلىشقا موھتاجمىز. تەن ھەرىكەت ۋە ئۆزگە بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئورنىدۇر: مانا بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئادەمنى ئىجتىمائىي جامائە ھاياتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەرىكەت بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتىمىز. مانا بۇ كۇلتۇرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنى سۆزلەيدۇ: كۇلتۇر تەبىئەتنىڭ ئەسلى قىممىتىنى ئىنساننىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق قايتىدىن باھالاپ، ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىلاپ چىقىش جەريانىدۇر .

روھ بىلەن تەن ئۆزلىرىنىڭ توقۇنۇشقا تولغان بىللە تۇرۇشىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەل ئەنە شۇ سەۋەبلىك تەننىڭ خۇددى ئىنسانشۇناس مارى دوگلاس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ئىنتايىن چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىسى بار:« خۇددى ھەممە نەرسىنىڭ بەدەننى سىمۋوللايدىغانلىقى ھەقىقىيلىق بولغىنىدەك، بەدەننىڭمۇ ھەممە نەرسىنى سىمۋوللايدىغانلىقى ئوخشاشلا ھەقىقىيلىقتۇر.»[3] تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، روھنىڭ تەنگە بولغان قانائەتسىزلىكلىرى ۋە قارشىلىقى تېگى تەكتىدىن ئالغاندا ئىچكى بۆلۈنۈشنى—بىرلىشىش ئىچىدىكى ئايرىلىپ تۇرۇشنى—بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل بۆلۈنۈش دەل تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى دۇئالىزىمنىڭ (ئىككىلىك، يەنى بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى ئۇقۇمنىڭ ياكى ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ) سىمۋوللۇق مودېلىدۇر. شۇڭلاشقا، شۇ نەرسە بىزنى ھەيران قالدۇرمايدۇكى، باشقا بارلىق دۇئالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى، يەنى مۇقەددەسلىك بىلەن پەسلىك، باقىيلىق بىلەن پانىيلىق، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى دۇئالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى ۋە مودېلىنى تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى دۇئالىستىك مۇناسىۋەتتىن تاپىدۇ .مانا بۇ پەلسەپىدىكى

مەشھۇر تەن ـ روھ دۇئالىزمدۇر.

قەدىمدىن تارتىپ پەيلاسوپلار تەن ـ روھ دۇئالىزمغا دىققىتىنى بىرىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدا تەننىڭ ماكان ـ زاماندىكى كونكرېت مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يېتىشى قىيىن بولغان سىرلىق ماھىيىتى پەيلاسوپلارنى تىنماستىن ئىزدىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن .ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىسىنى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان روھ ـ تەن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سىرنى ئېچىشقا بېغىشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دۇئالىزم ئۇنىڭ پەلسەپىسىدە ئىدېئال بىلەن رېئال، ھەقىقەت بىلەن كۆزقاراش ۋە مەڭگۈلۈك ھايات بىلەن پانىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك باغلىنىپ كەتكەن. ئىنسان ھاياتىدىكى تەرتىپنىڭ مەنبەسى دەپ قارالغان روھ ئەپلاتون تەرىپىدىن تەننىڭ رولچىسى سۈپىتىدە چۈشىنىلگەن: يەنى بۇنىڭدا تەن كېمە بولسا، روھ رولچى دەپ قارالغان.[4] شۇ نەرسە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى كېرەككى، ئەپلاتون ھەرگىزمۇ خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك تەننى رەزىللىك ياكى رەزىللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قارىمىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە «ھەقىقي» ئادەم تەنگە ئەسىر بولغان شۇنداقلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن بولۇشنى ئىستەيدىغان ئەقىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ خىل دۇئالىستىك ئىدىيە دەل ئەخلاقنىڭ تەۋەللۇت بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر: ئەخلاق چوقۇم ئالدى بىلەن ئادەمدىكى روھ بىلەن تەننىڭ توقۇنۇشىغا دىققىتىنى بىرىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىغا تەرتىپ ئىزدىشى كېرەك. بۇ شەكسىز يوسۇندا روھنىڭ تەندىن ۋە تەن ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان يات ـ تەسىرلەردىن قۇتۇلۇپ ئەقلىنىڭ ساپلىقىغا ئىگە بولۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەقلىنىڭ ئۆزى دائىم ئۇچرايدىغان ۋە مەلۇم مەنىدىن تەننىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھېسسىيات، تەرتىپسىزلىك، نىشانسىزلىقنىڭ تەھدىتىگە ۋە ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، تەن بىلەن بۇ پانىي دۇنيادا بىللە تۇرۇشنى خالمايدىغان روھ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەننىڭ تەرتىپسىز قۇرۇلمىسىغا تەرتىپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تەرتىپ دەل ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان تەرتىپتۇر. بۇ خىل ئېتىكىلىق قاراش غەرب پەلسەپىسىدە شۇ قەدەر نوپۇزلۇق قاراش بولۇپ قالغانكى، ئەپلاتوندىن كېيىن ئۆتكەن پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ مەسىلىگە دىققىتىنى بەرمەي قالمىغان. بۇ قاراشنىڭ نېگىزى شۇكى، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى تېگى تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەنگە باغلىنىشلىق بولغان تۇتۇقلۇق، ياتلىق، تەسىرچانلىق، تەرتىپسىزلىكتىن ئازاد بولۇشتۇر .

ئەپلاتونچە ئېتىكا قارىشىدىن بىز شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، ئېتىكا تەننىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ باغلانغان، چۈنكى بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئېتىكا ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ

قىلمىشلىرىنىڭ ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئېتىكىسىدۇر. مودېرنىلىق دېكارتنىڭ يېڭى، لېكىن ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھازىرلاپ بولالمىغان تەن-روھ مەسىلىسىنى كۆردى. يەنى، دېكارت تەن-روھدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي دۇئالىستىك مۇناسىۋەتنى ئۇنىڭ چېكىگىچە تۈرتۈپ ئاپاردى: روھ بىلەن تەن بىر بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل سۇبستانسىيىدۇر )مەۋجۇتلۇق)، ئۇلارنىڭ تەبىرىگە كۆرە ئۇلار «ئۆز-ئۆزىدىن يېتەرلىك ۋە مۇستەقىل « مەۋجۇداتلاردۇر. مانا بۇ پەلسەپىدە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان دىكارتچە تەن-روھ ئىككىلىك (دۇئالىزمى). دېكارتچە دۇئالىزم روھنى تۇغما ئىدىيىلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي بىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. تەن ئەكسىچە ئىنسانغا تەسىر قىلىش ئارقىلىق تاشقىي دۇنيادىن كېلىدىغان شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرادىسىنى نىشانسىزلاشتۇرىدىغان ۋە چالغىتىۋېتىدىغان ئېنىقسىز ۋە بىر بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان «ئىدىيىلەر»، «ھېسسىياتلار» ۋە «قىزغىنلىقلار»نىڭ ئورنىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ تېنى ماشىنىغا ئوخشايدۇ—ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە روھتىن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. روھمۇ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇمۇ گۇمانلىنىشتا، بىرەر نەرسىنى ئويلىنىشتا ۋە تەستىقلاشتا ئەركىندۇر. دېكارتنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنى خۇددى ماشىنىدەك ھەرىكەت قىلىدىغان غەيرىي ئەقلىي، مۇستەقىل ئەركىنلىك ئەمەس، بەلكى روھنىڭ، يەنى ئەقىل ئارقىلىق يېتەكلەنگەن ۋە ئېنىق ۋە پەرقلىق بولغان «ئىدىيىلەر» گە يۈزلەنگەن روھنىڭ ھېچنېمىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىكىدۇر. ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىكى تەنگە ئەمەس بەلكى روھقا تەۋەدۇر. ئېنىق ۋە پەرقلىق ئىدىيىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ خىل دۇئالىزم قارىشى ساقلانغۇسىز تەرىزدە بىزنىڭ ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنى مەركەز قىلغان ئېتىكىنى چۈشىنىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: مەن قەلبىمدىكى ئېنىق ۋە پەرقلىق ئىدىيىلەرگە قانچىلىك ئەگەشسەم، مەن ئۆزۈمنى شۇنچە ئەركىن سېزىمەن ۋە ئەركىن بولىمەن. چۈنكى، دەل ئەنە ئاشۇ مىنۇتلاردا تەنلىك شۇڭا پانىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى سەۋەبلىك ھەر ۋاقىت خاتالىق ۋە خام خىيالنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغان سۇبيېكت ئەقلىنىڭ شۇڭا روھنىڭ يېتەكلىشىگە ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرىدۇ. روھ ۋە ئەقىل ئادەمنى ياخشىلىققا باشلايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، دېكارت ئۆزىنىڭ تەننى ئەقلىي روھنىڭ مۇكەممەللىششىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ئەپلاتوننى يوشۇرۇن قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىز دېكارتنىڭ ئەپلاتوننىڭ تەننىڭ ئونتولوگىيىلىك مەنىسىگە كىرگۈزگەن ھالقىلىق ئۆزگەرتىشنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى دېكارت تەننى ئەپلاتوننىڭ ئونتولوگىيىلىك تەرتىپىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشتىن تارتىپ چىقىپ، ئۇنى روھ بىلەن روبىرو ۋە سىممېترىك ئورۇنغا قويىدۇ، گەرچە ئۇنىڭدا تەنگە قارىتا خۇددى ئەپلاتونغا ئوخشاش ئازتولا تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى بولسىمۇ.

ئىنساننىڭ كاللىسىنىڭ (قەلبىنىڭ) تەننىڭ ئىچىدە بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ زىتلىق ھالىتى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان جىددىيلىكلەر — يەنى ئەركىنلىك بىلەن زۆرۈرىيەت، يەككە ئىندىۋىدۇئال بىلەن جامائە، ئىدېئال بىلەن رېئال ۋە سەزگۈلۈك بىلەن ھالقىما سەزگۈلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققان جىددىيلىكلەر — كانتنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ ئۇمۇرتقىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇلار ئۇنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسىنىڭ مەركىزىدۇر. قارىماققا، مادارىسىز راسئونالىست (ئەقلچى) سۈپىتىدىكى كانت ئىنساننىڭ ساپ ئىرادىسىدىن يەنى ئۇنىڭ ساپ پراكتىكىلىق ئەقلىدىن تەندىن مەنبەلەنگەن يات-تەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنى ئىستەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ يات-تەسىرلەر ئىنساننىڭ ئاپتونومىيىسىگە تەھدىد ئېلىپ كېلىدۇ (چۈنكى ئاپتونومىيە بۇ يەردە ئەقلىنىڭ ئۆزىنى ھېچقانداق يات تەسىرنىڭ تەسىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ). ۋەھالەنكى، كانت بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بۇ تەنلەنگەن مەۋجۇداتلار سۈپىتىدە قارايدىغانلىقىمىزغا سىڭىپ كەتكەن قايمۇقۇشلارغا نەزىرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرغان. بۇ قايمۇقۇشلار تەبىئەت ۋە سۇبيېكت ھەققىدىكى مودېرنلىق بايقاشلاردىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. كانتنى ئىزتىراپقا سالغىنى ئىنساننى ئۆزىمۇ كونتول قىلالمىغان ھالدا تەبىئەتنىڭ تۈگىمەس سەۋەب-نەتىجە زەنجىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان قانۇنىيەتلىرىگە بويي سۇنىدۇ دەپ قاراش سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى تەبىئەت ساھەسىگە تارايتىۋېتىدىغان ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنى قاراشلىرى ئىدى .نيوتوننىڭ ئىلىم-پەن ئىدىيىسىدىن ئىلھاملانغان بۇ قاراشلارغا جاۋابەن كانت دۇنيانىڭ-ئۆزىدە-بىر-پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشنى ئىنساندا ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ بولۇشنى تەكشۈرۈشتىكى بىردىنبىر ئورۇن سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ. بۇنىڭدا سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى يەنىلا ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنىڭ بۇ خىل مېخانىكىلىق دۇنيادىكى مۇمكىنچىلىكىنى تەكشۈرۈشتىكى ئاچقۇچ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى تەبىئەتتىكى باشقا جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە دەل ئۇنىڭ «سەۋەبلەنمىگەن سەۋەب «بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەركىنلىكىدۇر، چۈنكى ئىنساندىكى ساپ ئەقىل تاشقىي دۇنيادىن كېلىدىغان بارلىق يات-تەسىرلەرگە قارشى تۇرىدۇ. يەنى ئادەم ئەقىلگە ئىگە جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئۆز ئەركىن ئىرادىسىنى «سەۋەبلەنمىگەن سەۋەب» سۈپىتىدە يۈرگۈزەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەنلەنگەن مەۋجۇدات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ تەبىئەتنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. چۈنكى، كانتقا شۇ نەرسە ئايانكى بىز ھەم ئەقلىي ھەم تەنلەنگەن، ياكى بىز تەنلەنگەن بىر پۈتۈن تەبىئەتتىكى ئەقىلنىڭ تەنلىشىشىدۇرمىز. بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئىنساننىڭ تەنگە ئىگىلىكى كانتنىڭ ئېتىكىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەم ئەقلىنىڭ تەنلىشىشى، ھەرگىزمۇ تەننىڭ ئەقىللىشىشى ئەمەس.[5 ]

هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان غەرب پەلسەپىسىدە ئەنئەنىۋى مېتافىزىكىغا نىسبەتەن تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولغان ھادىسىشۇناسلىق ئىلمىدىن ئىلھاملانغان بىر تۈركۈم فرانسۇز پەيلاسوپلىرى، مەسىلەن گابرىئېل مارسېل، مېرلو-پونتىي ۋە سارت قاتارلىقلار دىققىتىنى بىزنىڭ ئەڭ تۈپكى (ئىچكى) سەزگۈمىزنىڭ بىرى بولغان تەن سەزگۈسىگە دىققىتىنى يىغىۋاشتىن قاراتتى. گەرچە ئۇلار ئىنساننىڭ ئېڭىنىڭ ۋە تۆۋەنكى ئېڭىنىڭ رولىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، تەنىنىڭ بۇلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىپ تۈرىدىغانلىقىنى نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلمىدى. سارت ئادەمنى تەنلەنگەن ئاڭ دەپ قارىدى ۋە شۇ ئارقىلىق تەنىنىڭ ئوبرازلارنى بارلىققا كۆلتۈرۈش ۋە ھېسسىي تەجرىبىلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى ئېچىپ بەردى. مارسېل بولسا ئادەمنى «تەنلەنگەن مەۋجۇدات» دەپ قارىدى، ئۇنىڭدا شەخس-سۇپىتىدىكى مەن تەنىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان. مارسېلنىڭ ئۇشبۇ مەسىلىدىكى ئويلىنىشى ئادەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتىكى «مەن» ى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، تۆۋەندىكى سوئالغا تۈگەللىنىدۇ: ئادەم ئۆزىنىڭ بەدىنىنى تەجرىبىسىدىن قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟

بۇ پەيلاسوپلار يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دىققىتىنى تەنلىنىشنىڭ سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىكى مۇھىملىقىغىمۇ قاراتتى. دەل تەنلىنىش ئۆزگىنىڭ مېنىڭ تەجرىبە دۇنياسىمغا كىرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغاچقا، ئۇ ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بولۇپمۇ ئېتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ماددىي ئاساسىدۇر .

******

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ بەدەنلىك بولۇشىنىڭ ئىنتايىن تىرەن ئېتىكىلىق مەنىسى بار بولۇپ، بۇ تارىختىن بېرى نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ دىققىتىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ كەلدى .ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدە پۈتۈنلەي ماددىسىز مەۋجۇتلۇق دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەقىل ۋە روھنىڭ تامامەن ماددىي مەۋجۇدات بولغان تەنىنىڭ ئىچىگە «يەرلىشىشى» قانچىلىك قايمۇقۇش ۋە ئېي ىقسىزلىق پەيدا قىلغان بولسا، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تېنىگە بولغان چۈشىنىشىمۇ شۇنچىلىك قايمۇقۇش ۋە ئېنىقسىزلىق قوزغىدى: مەن تەنمۇ ياكى تەنگە ئىگە مەۋجۇداتمۇ؟ تەنىنىڭ بىلەن روھنىڭ مەسىلىسىدىكى قايىسىسىنىڭ بىرلەمچىلىكى ۋە قايىسىسىنىڭ قايىسىسىنى بەلگىلىشى مەسىلىسى پۈتكۈل ئېتىكىلىق ئويلىنىشنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ كەلدى، چۈنكى بۇ يەردە ئادەم ھەم ئەقلىي ھەم غەيرىي ئەقلىي مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇ روھنىڭ ماكانى بولغان مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق بىلەن تەنىنىڭ دەرگاھى بولغان يوقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېزىقىۋېچىدۇر. ياخشىلىق ۋە رەزىللىك دەل مانا مۇشۇ ئوتتۇرىلىقتا يۈز

بېرىدۇ.

-----------------------------------------------------------------
---------

[1]ئۇشبۇ ماقالە مېنىڭ ئىنگلىز تىلىدا يازغان «تەن ئېتىكىسى: تەن بىلەن ئېتىكىنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىكى مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قىسقىچە تەتقىقات» دېگەن ماقالەمدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى .

[2]نۇرغۇن مەدەنىيەتلەردە، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۇپراق ئادەتتە ھاياتلىقنىڭ، كۆپىيىشنىڭ ۋە گۈللىنىشنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئادەتتە ئانىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارىلىدۇ .دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر خۇدالىق دىنلاردا ئېيتىلغان، خۇدا تەرىپىدىن تۇپراقتىن يارىتىلىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تۇپراققا قايتىشتىن ئىبارەت چەمبەرسىمان ھەرىكەت مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ۋە ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاداققى قارارگاھىنىڭ ۋەدىسىنى كۆرستىدۇ. لېكىن ئۇ (ئاڭسىز ھالدا) ئۆلۈم بىلەنمۇ باغلاپ چۈشىنىلىدۇ ۋە سەزگۈلىنىدۇ. چۈنكى بوشلۇق جەھەتتىكى پەسلىك ۋە مۇقەددەسلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا تۇپراقنىڭ ئۆزى قۇياشلىق ئاسمانغا سېلىشتۇرغاندا قاراڭغۇ جاي بولۇپ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىغان ۋە قايتىشى كېرەك بولغان يەرنى كۆرستىدۇ. بۇ يەر ئەلۋەتتە يوقلۇق ماكانىنى كۆرسەتكەچكە تۇپراق بەزى كۇلتۇرلاردا بىر خىل ۋەيران قىلغۇچ كۈچ سۈپىتىدىمۇ چۈشىنىلىدۇ.

[3]مارى دوگلاس، «ساپلىق ۋە خەتەر :بۇلغىنىش ۋە تابۇ ئۇقۇملىرى ھەققىدە ئانالىز» (نيۇ يورك: پراگېر، 1966-يىل(،-122 بەت.

[4]ئەپلاتون، «قانۇنلار»، e XII961

[5]بۇ يەردە كانت بىلەن نىچېنىڭ تەن ھەققىدىكى قارىشىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈش مۇھىمدۇر. نىچې

ئىنساننىڭ تەندىن ئىبارەت پاكىتچانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى تەننى يوشۇرۇن ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئادەمنىڭ بىئولوگىيىلىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇشنى تەرغىپ قىلىدىغان تەننى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاھىشىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، خۇددى بىز تارىختىن بېرى تەننى ئۇنتۇپ روھنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇلۇغلاپ كەلگەندەك، بۇ خىل قاراشمۇ يەنە بىر خىل ئوخشاش ماھىيەتلىك رادىكاللىققا ئىگە: روھنى ئۇنتۇپ تەننى يۈكسەلدۈرۈش. ئىنچې ئادەمنى «بويسۇندۇرۇلغان ھايۋان» دېيىش ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيالىزىملىقىنى ۋە بىئولوگىيىزىملىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئادەمنىڭ تەنگە ئىگىلىگەندەك پاكىتچانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ (قاراڭ فرېدرىك ئىنچې، «زاردۇسترانىڭ ئېيتقانلىرى»، (ئىنگلىزچە)، (نيۇ يورك: ۋايكىڭ نەشرىياتى،-1980 يىل)، 279-بەت.). ئۇ تەننى «كاتتا ئەقىل» دەپ ئاتايدۇ، شۇنداقلا بۇ «ئەقىل «ئادەمنىڭ پىزىكو-بىئولوگىيىلىك ۋە ئەخلاقىي-روھىيەت تەرەپتىكى تۆپكى قىممەتلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. (يۇقىرىقى ئەسەر، 61-بەت). ھەقىقەتەن، تەننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى ۋە ئورنىغا سەل قارىماسلىق كېرەك، لېكىن ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي، كۈلتۈرلۈق، دىنىي ۋە روھىيەتلىك كونتېكىستتىن ئايرىۋېتىلىپ يەككە يېگانە ھەدىسە سۈپىتىدە قارالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئىنساننىڭ تەنگە ئىگە بولۇشتەك پاكىتچانلىقىنى زىيادە تەكىتلەش ئىنساننى ئەخلاقىي ۋە دىنىي قائىدە يوسۇنلاردىن «ئازاد» قىلىپ، ئۇنى «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلىسىگە قايتۇرۇپ» كېتىش دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بىز ئادەمنى تۇغما قوزغىلىشلارنىڭ تەنلەنگەن ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىمىز—دە باشقىلارغا بولغان مەسئۇلىيەت، كۆيۈنۈش ۋە نوقۇل تەننىڭ ھۇزۇرىدىن ھالقىغان ئىنسانىي مۇھەببەتنى بىر ياققا قايرىپ قويغان بولىمىز .

ماقالىلىرىم بۇ بلوگدا

http://www.uighur.cn/blog/blog.asp?name=memtiminelaپ ئەۋزەل**تاش** ۋە **تارىخ**

***مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە پەلسەپىۋى يازما***

تاش دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان جىسىمدۇر. ئۇ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قارىماققا قاتتىقلىق، چىڭلىق ۋە چىدامچانلىقتىن باشقا ھېچ قانداق ئالاھىدە

خىسلىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدىلىكى دەل ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي :ئۆزىنى تاشقى دۇنيادىن توختاۋسىز يوسۇندا كېلىپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس ۋە كېرەكسىز سەزگۈ ئۇچۇرلىرىدىن قوغداش ئىنسان مېڭىسىنىڭ نۇرغۇن فۇنكسىيىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىرىدۇر. بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارغا ــ مەسىلەن، تاشقا ئوخشاش ناھايىتى ئادەتتىكى جىسىملارغا ئالاقىدار سەزگۈ ئۇچۇرلىرىغا ــ دىققىتىنى بەرمەسلىك مېڭىنى ئۇچۇرلارنىڭ چەكسىز زەنجىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسان ئېڭىنىڭ يىپپىقلىقى تەھلىكىگە ئۇچرايتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالىتى ــ ئىچكىيلىك بىلەن تاشقىيلىقنىڭ پەرقى ــ يوقاپ كەتكەن بولاتتى.

ئاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تىرەنلىكى بار ياكى ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكىلىكىنىڭ كۆرۈنمەس ۋە ماددىسىز تىرەنلىكىدۇر؛ ئۇ سۇبيېكتىپلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، مۇستەقىللىق ۋە يەككىلىك ئارقىلىق پاسىللانغان تىرەنلىكىدۇر. ئاڭ ئىچىدىن بوغنۇققان بولماستىن، تاشقىي دۇنياغىمۇ يۈزلەنگەن بولىدۇ؛ بۇنىڭدا سەزگۈ ئەزالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان سەزگۈلەر ئىچكىلىك بىلەن تاشقىلىقنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ .ۋەھالەنكى، بۇ ئىچكىلىك بىلەن تاشقىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ئاددىيلاشقان چۈشەندۈرۈلىشىدۇر، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاشقى دۇنيا، باشقا سۇبيېكتلار ۋە ئۆزىمىز بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت جەريانىغا ئاڭ تەرىپىدىن تاللانغان خاتىرىنىڭ) ئەسلىمىنىڭ) قاتنىشىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھېنرى بېرگسوننىڭ قارىشىچە، ئاڭ ئىنسان بەدىنى ئارقىلىق ھازىر ئارتقۇرۇلماقچى بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان خاتىرە ئوبرازلىرىنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاللايدۇ①. بۇ ئاڭنىڭ ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاڭ ھەر ۋاقىت رېئاللىقتا بىز ئېھتىياجلىق بولغان تەجرىبىلەرگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ئەسلىمىلەرنى شۇ ھامان بىزنىڭ ئىچكى سەزگۈمىزگە يوللاپ تۇرىدۇ .ئادەمنىڭ تەجرىبىسىنىڭ ئىچىدە گەرچە (ھازىر) دا ئېرىشىلگەن تەجرىبە ئەڭ چىن ۋە ئاڭ رېئال تەجرىبە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر بىلەن بىز سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىرىكىپ كېتىدۇ. ئادەم ھازىردىلا ئەمەس بەلكى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ توختاۋسىز مۇناسىۋەتلىشىش نۇقتىسىدا ياشايدۇ (ئەلۋەتتە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ھازىر) دىكى تەجرىبىسىگە كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ۋە كۈتۈش شەكلىدىكى سەزگۈلەشمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ ھازىرقى مومېنتلىق سەزگۈ-تەجرىبىسىگە ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمە بىلەن كەلگۈسىنى غۇۋا قىياس قىلىپ مېڭىش سەزگۈلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەربىر «ھازىر» ۋە ئۇنىڭدىكى سەزگۈرلەر شۇ ھامان ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ھەمدە يېڭى«ھازىر» سەزگۈمىزگە كىرىدۇ. لېكىن ئۆتمۈشكە ئايلانغان «ھازىر» يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى ئۆزى مۇناسىۋەتلەشكەن باشقا

ئەسلىمە شەكىللىرىگە خۇددى رېئاللىقتىكى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە باغلىنىپ ۋاقتىنچە يوشۇرۇنلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسلىمىلەر بىزنىڭ ھازىرقى تەجرىبىمىزگە ئالاقىدار بولسا، ئالڭ ئۇنى شۇ ھامان بىزنىڭ دىققىتىمىزگە ئېلىپ كېلىدۇ — ئەسلىمە مۇشۇ شەكىلدە ھازىردىكى تەجرىبىلەرگە تەكرار - تەكرار قاتنىشىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىمىزغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا خاتىرە ئوبرازلىرى كۆپ ھاللاردا ياكى ۋاقتلىق بېسىپ تۇرۇلغان بولىدۇ. تاشنىڭ خاتىرە ئوبرازى، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، خاتىرىنىڭ ناھايىتى يوشۇرۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنتۇلغان بوشلۇقىدا ساقلانغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىنىشى ۋە شۇ ئارقىلىق رېئاللىققا قايتا قاتنىششى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان مۇۋاپىق ۋە كەلگۈسكە يۈزلىنىدىغان ئۇچۇرنىڭ غىدىقلىشىغا موھتاج. خۇددى ئانچە مۇھىم بولمىغان باشقا جىسىملارنىڭ خاتىرە ئوبرازلىرىغا ئوخشاش، تاشنىڭمۇ خاتىرە ئوبرازى كۆپ ھاللاردا پراگماتىك مېڭىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

»تاش قوراللار دەۋرى» دىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاش ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئۇ ھاياتنى پاناھگاھ ۋە ئوت بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئاۋۇندۇراتتى، گۈللەندۈرەتتى ۋە ساقلاپ ماڭاتتى. بۇ يەردە بىز تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىگە شاھىت بولالايمىز :تەبىئەتتىكى ئەڭ تەبىئي جىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاش ناھايىتى كۈچلۈك مەدەنىيەت مەنىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. كۆپ ھاللاردا ئېيتىلغىنىدەك، مەدەنىيەت ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىنى (تەبىئەتكە تەۋە بىر جانلىق بولۇشىنى) ئۆزگەرتىشى، ئۇنىڭدىن يىراقلىششى ۋە ھەتتا ياتلىششى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ دەپ قارالسىمۇ، تەبىئىيلىك ياكى تەبىئەت كۇلتۇرغا ئارىلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قېلىن پاسىل تارتىش ھېچ بولمىغاندا بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى تېمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، شۇ نەرسە بىزنى ھەيران قالدۇرمايدىكى، قەدىمدىن بېرى كۆپ خىل كۇلتۇرلارنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىدېئاللاشقان ۋە يۈكسەلگەن شەكىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئىزناسىنى تاش ئارقىلىق ياكى تاشقا قالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بارلىق مەدەنىيەتلەر دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى ئىنسانىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىغا ئەسلىمە شەكلىدە قالالايدىغان قاتتىق، چىدامىلىق ۋە ئۇيۇل جىسىم بولغان تاشقا ئويغان. تاشنىڭ ئۆزگەرمەس يۈزى كىملىكنىڭ (سالاھىيەتنىڭ) — ئۆزلۈك ئوخشاشلىقىنىڭ — ۋەدىسى بوپ كەلدى. ئىنسانلار تەرتىپسىز ھالەتتىكى تاشلارغا تەرتىپ ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گارمونىيىلىك، داۋامىي ۋە تىنچ ھاياتقا بولغان تەلپۈنىشىنى ئىپادىلەپ كەلدى. سەنئەتنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيەتلىرىدىن بولغان گارمونىيىلىك ماسلىششچانلىق) سىممېترىك قۇرۇلما) تاشتىن قوپۇرۇلغان بىناكارلىق ۋە گۈزەل سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ تەرتىپ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېپتىخارلىنىشى، ئىشىنىشى، قورقۇنچى ۋە غايىسىنى ھېس قىلدى. بەرجەس قامەتنى يارىتىشقا زۆرۈر

بولغان ناھايىتى ئىنچىكە تۈيغۇ، ئۈلغىيىۋاتقان كۈچكە بولغان تەلپۈنۈش، مەڭگۈللۈك ھاياتقا بولغان توختاۋسىز ئىستەك قاتارلىقلار تاش سەنئىتى ئارقىلىق ماددىيلاشتۇرۇلدى — تاشقىيلاشتۇرۇلدى. تاش سەنئىتى ئۆزىنىڭ تۆرگۈن جىسمىدا ئىنساننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قوزغىلىشى بولغان ھاياتلىق ئىرادىسىنى ئېلىپ ماڭدى. يىغىپ ئېيتقاندا، تاش قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەممە ئەلدە، ھەممە ۋاقىت ئىنسان بىلەن تىنىقداش بولۇپ كەلدى: پىچىرلاپ ئېيتىلغان دۇئالار قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن ھېلىھەم ئەكس سادا قايتۇرۇپ؛ تاشلىۋېتىلگەن قورغانلار يۈكسەك تەنھالىقنىڭ قىزغىنلىقىغا چۆمگىنىچە جىممىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى؛ تاشقا ئايلانغان ئادەم بەدىنى ۋاقىت يوقىتىۋېتەلمىگەن ھارارىتىنى سۈس تارىتىپ كەلدى؛ بۇزۇلغان ھەيكەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۈزەللىكىگە ئۆزگە تىكلىگەن ئادەمنىڭ نەزەرى ئارقىلىق قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشتى...

ۋەھالەنكى، تاش ساقلانغىلى بولمايدىغان زىتلىققا ئىگىدەك قىلىدۇ :ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئەڭ ئەرزىمەس جىسىم بولۇشقا قارىماي، تارىخنىڭ ئەڭ تىرىك ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىنغان ۋە ساقلانغان. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسىمۇ، ئەسلىمە بەزىدە ئۇ ئارقىلىق ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسراتىنى ئادەمگە ئېغىر، قارشى تۇرغۇسىز ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ماتېرىيال بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قالدۇرىدۇ. تاشنىڭ سوغۇق كەلگەن كۆرۈمسىز ماتېرىياللىقى ھەم ئۇنتۇلىدۇ ھەم ئۇنتۇلمايدۇ: بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئۇنىڭغا ئىمزادەك ئۇرۇلغان قىممەتتۇر. ئۇنىڭغا ئويۇلغان ھەر بىر خەت ۋە شەكىل دەل تارىخنىڭ ئىمزاسىدۇر — ئۇنىڭدا ھەقىقىيلىق ۋە ئەسلىلىك بار. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يوقالماي داۋاملىشىشى كېرەك بولغان قىممەت بەزىدە تاشقا ھاۋالە قىلىندى، چۈنكى تاش ئەۋلاد بىلەن ئەجداد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈلىيالايدۇ. ئۇ سۇئاللاردىن ھالقىيالايدۇ ۋە تارىخ بىلەن بىللە ئۆرە تۇرالايدۇ. ئۇ ۋاقىتنى «توختىتىپ» قويالايدۇ. ماكانى بولسا پىرىسلاپ، خۇددى تارىم ئويمانلىقىدىن يىقىندا قېزىۋېلىنغان مومىياغا ئوخشاش ئابىدىگە ئايلاندۇرىۋېتەلەيدۇ. تاش قاتتىق ھەم ئۇزاق ياشايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزگە ئارتقۇرۇلغان قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈكسەلدۈرىدۇ ۋە ئۇزاققا ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تاشنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسىنى چۈشىنىشى ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلار تاشقا قارىتا ناھايىتى سېزىمچان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت قۇرغان. بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ باي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن، مىمارچىلىقىدىن ۋە باشقا سەنئەتلىرىدىن، كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. تاشنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئالاھىدە فۇنكسىيە ئارتقۇرۇشى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەسلىك قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ مۇقەددەسلىك ئالدى بىلەن ئۇلار قوغداپ قالماقچى بولغان ۋە تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغان قىممەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدىكى مۇقەددەسلىك ئېڭىنىڭ ئىپادىسى بولغان مەڭگۈ تاشلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىدىكى بىزگە ھازىرغىچە ئايان بولمىغان ياكى نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئامىللارنى چۈشىنىشىمىزدىكى ئالتۇن ئاچقۇچتۇر .مۇھاكىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاياتىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان تاشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ھاياتلىق ئېڭىدا تۇتقان ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

تارىخ دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا بېرىلگەن، بېرىلىۋاتقان ۋە بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە بەس ـ مۇنازىرىگە تولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك تۆۋەندىكى بايانلار ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ تەھلىلىنى كونترول قىلماقچىمەن. تارىخ ناھايىتى تار دائىرىدىن ۋە ھازىرقى مۇھاكىمىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھادىسىلەرنىڭ جەريانلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەسلىنىشى (ئۇنتۇلۇشىنىمۇ (ئىبارەت مۇرەككەپ بىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان تەبىردۇر. شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئونتولوگىيىلىك مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا يۈز بەرگەن ئىنسان پائالىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان ئەسلىمىنىڭ — ئەسلىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ — سىستېمىلاشتۇرۇلغان شەكلىنىڭ ئۆزىدۇر. خۇددى ئادەمسىز پائالىيەت بولمىغاندەك، ئەسلىمىسىز تارىخمۇ بولمايدۇ. بىز ئەسلىمە ئارقىلىقلا ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىشىدىغان سۇبيېكتىمىزنىڭ ئوخشاش كىملىكتە بولالىشىنى ساقلاپ قالىمىز. (خاتىرىسىز ئاڭنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئاڭقىرىلمىغان خاتىرىسىز كىملىكنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى كىملىك ۋە ئۇنىڭ بىردەكلىكى خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى، بىر بىرىگە باغلىنىشى ۋە بىر پۈتۈنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ ۋەھالەنكى خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى بولسا ئاڭنىڭ، يەنى مۇئەييەن شەخسكە تەۋە بولغان يەككە ئاڭنىڭ، بىردەكلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.) يەنە شۇ ئەسلىمە ئارقىلىق ھادىسىلەرنى ۋاقتىنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋاسىز ئېقىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلارنى ۋەقەلىك سۈپىتىدىكى تارىخ سۈپىتىدە بايان قىلىمىز. دېمەك تارىخ تىرىكلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈستىدىن يازىدىغان گۇۋاھلىقىدۇر. تارىخ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سۇبيېكتىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھەم قاتنىشىشى ھەم قاتناشماسلىقى ئارقىلىق بوشلۇقتا — ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا »—ئايان بولۇشى»، «ئاشكارىلىنىشى» ۋە «ئېچىلىشى» دۇر.

ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇبيېكتىپلىق ھەر زامان ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبكارى ۋە باشلىغۇچىسى ئەمەس؛ دەل ئەكسىچە، ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سۇبيېكتىپلىقتا ئۆزىنىڭ كۈچى، تاسادىپىيلىقى،» ھازىر بولۇشى» ۋە زىلزىلىسى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ. ئادەم ھەر زامان ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كەچمىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارى بولالمايدۇ، باشقا ھادىسىلەر دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىكى يېگانە ھادىسە سۈپىتىدىكى ئادەم مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق

ئۆزىنى مەۋجۇتلايدۇ — ھادىسە ئادەم ئارقىلىق ئەمەس، ئادەمگە يۈز بېرىدۇ .

ئەمدى ماقالىمىزدىكى مەركىزىي مەسىلىگە قايتىپ كېلەيلى. مەڭگۈ تاشلارنى قوپۇرۇشنىڭ ئونتولوگىيىلىك ئەھمىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۇيغۇرلاردا روي بېرىشىدىكى ئەڭ ئىرىك پۈتۈكتۇر — ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت تارىخى ھەققىدىكى تاش پۈتۈكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ قانداق «ئايان بولغانلىقى» «ئايان قىلىنغان». ئۇنىڭ بىز تۆۋەندە تەتقىق قىلماقچى بولغان ئۈچ خىل مەنىسى بار. بۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشى دەل ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزلۈك - ئېڭىنىڭ مۇستەھكەم تىكلىنىشىدۇر — بۇ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۆزلۈك - ئېڭى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش تەرىزدە ئاڭقىرىلمىغان (ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بۇ خىل تەكشىسىز ۋە پەرقلىق بولۇشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىدىكى سەلبىي، ھەتتاكى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختالمايمەن.) شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئۆزلۈك - ئېڭىغا ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان خەلققە ئاتاپ تىكلەنگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. شۇڭلاشقا، مەڭگۈ تاشلار «بىز» — «ئوزىمىز» — نىڭ ھازىر كىم ئىكەنلىكىمىز ۋە كىم بولۇشىمىز كېرەكلىكى بىلەن «ئۇلار» — «ئۆزگىلەر» — نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىشنى مەقسەت قىلغان پاسىلغا ئوخشايدۇ.

پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلۈك - ئوبرازى ۋە ئۆزلۈك ئويلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. گېرمان پەيلاسوپى خېگېلنىڭ قارىشىچە، روھ ئۆزىگە ئۆزگىدە ۋە ئۆزگە ئارقىلىق قايتىشنى ئىزدەيدۇ: بۇ دەل ئاڭدىن ئۆزلۈك - ئېڭىغىچە بولغان توختاۋسىز ھەرىكەتتۇر. يەنى، ئاڭ ياكى روھ دەسلەپىدە ئابستراكت، قۇپقۇرۇق ۋە ئۇقۇملۇق بولغاچقا، ئۇ ئۆزگىگە ئارتقۇزۇلغان ھەرىكەت ئارقىلىق كونكرېتلىققا، تولۇقلۇققا ۋە سەزگۈلۈككە ئىگە بولۇشنى ئىستەيدۇ؛ بۇ دىئالېكتىكىلىق جەريان ئۆزلۈكنىڭ تويۇنغان شەكلىگە، يەنى ئۆزلۈك - ئېڭىغا، ئىگە بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ[2]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھ ئالدى بىلەن ئابستراكت ۋە قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچقانداق مەزمۇنغا ئىگە ئەمەستۇر، ئۇ پەقەت ئۆزىنى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ تاشقى شەكىلگە ئىگە يۈزلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئۆزگە بولىدۇ — ئۆزىنى ئۆزگىلەيدۇ. بۇ ئۆزلۈك يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماكان ۋە زاماندا تاشقىيلىشىپ ئۆزىنىڭ تارىخىيلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزىدىن ياتلىشىپ ئۆزىنى دۇنيالىقىم يەنى تاشقى دۇنيالىق، شەكىلگە ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخىيلىققا ئىگە بولۇش دەل روھنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھ ئۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئۆزلۈكى سۈپىتىدىكى ئۆزگە

بولغان دۇنيادىن ئۆزىگە مۇنۇ تەكرالانما شەكىلدە قايتىدۇ .روھ←ئۆزگە←ئۆزلۈك ئىككى. مەسىلەن، روھنىڭ ئۆزىدىن ياتلىششى ئارقىلىق تاشقىيلىششىنىڭ ھاسىلاتى بولغان دۇنيا ئارقىلىق ئۆزىگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئىككىغا ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسلىق جەريانىدۇر. دېمەك، ئاڭنىڭ ئۆزلۈك ئىككىغا ئىگە بولۇشى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى-–مەيلى ئۇ ئاڭنىڭ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنگەن ئۆزلۈك بولسۇن ياكى ئاڭنىڭ سىرتىدىكى ئۆزلۈك بولسۇن-– تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزگە ئۆزى ھەققىدىكى ئاڭغا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئېرىشىدۇ. مەڭگۈ تاشلار دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ پەرقىنى ئاڭقىرىشى ئارقىلىق ئۆزلۈك ئىككىغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەڭگۈ تاشلار، ئۇيغۇر ئەدىبىيە ۋە كۇلتۇر تارىخىدىكى ئاڭ باسقۇچىدىن (ئەكس - ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭدىن) ئۆزلۈك - ئىككى باسقۇچىغا (ئەكس - ئەتتۈرۈشچان ئاڭغا) كۆچۈشتەك تارىخىي رېئاللىقنى سۆزلەيدۇ.

ئەكس - ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەكس - ئەتتۈرۈشچان ئاڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ: ئۇ ئىنسانىدىكى فۇندامېنتال ئىقتىدار ۋە سەزگۈلەش قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدا ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېنىق بولمايدۇ. ئەكس - ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭ تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا «مەن» ھەققىدىكى ئاڭقىرىش مەۋجۇت بولمايدۇ — ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرۈش، خالاس. ئۆزلۈك - ئىككى بولسا مېنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرۈشىم ھەققىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر: مانا بۇ يەردە «مەن» ھەققىدىكى ئاڭ بار بولغان بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى خىل ئاڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، بۇيەردە ئۇلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان نۇقتا مەۋجۇتتۇر: ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇبيېكتىپلىق پەقەت ئۆزگىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇتتۇر. ئۆزگىنىڭ ئاللىبۇرۇن بار بولۇشى بىزنى ئۆزىمىزگە قايتۇرىدۇ؛ بىز ئۆزگە بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئايلىنالايمىز. ياكى ئۆزگە «مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ھەم ئايرىلماس ھەمراھ ھەم خىرىستۇر، چۈنكى ئۆزگىمۇ ئۆزىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەندىن ئىبارەت يات ئۆزگە ئارقىلىق ئاڭقىرىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئاۋامغا قىلغان خىتابلىرىدا ناھايىتى ئېنىق سۆزلەنگەن. مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمىدا «بىز» بىلەن «ئۇلار «ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۆچىيىشىدىكى ھالقىلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۆزلۈك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى تاشقىلاشقان مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان پەرقنى ئاڭقىرىشقىلا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكە يۈزلەنگەن زىددىيەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تاشقىي پەرق ئىچكى پەرقنىڭ ۋەزنىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىچكى بۆلۈنۈش ۋە پەرق ئەلۋەتتە كوللېكتىپ سۇبيېكتىپلىقنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ھازىر كىم بولۇۋاتقانلىق ۋە كىم بولۇش كېرەكلىكى

ئۆتتۈرىسىدىكىدىكى تونۇشقا تۆگەللەنگەن. بۇ ئىچكى بۆلىنىش ماھىيەتتە ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆز خەلقىدىن كۆتكەن تەلەپلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئېڭىدا ئىچكىيلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭدەك بۇ بۆلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە قاغانلار تەرىپىدىن خەلقتىن كۈتۈلگەن ئەخلاقىي ۋە كۈلتۈر تەلەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ رېئاللىشىشى ئوتتۇرىسىدى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بۆلىنىشتۇر. ياكى بۇ «ھازىرقى مەۋجۇتلۇق «بىلەن «كېرەك» (كەلگۈسى)، قاغانلارنىڭ ئۈمدى — تىلەكلىرىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلگەن )قەلبتىكى) چاقىرىقى بىلەن ئىرادە، «مەن» بىلەن يەنە بىر «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى بۆلىنىشتۇر .

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تارىخىي پۈتۈكىدۇر .كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى «بىز» نىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاڭقىرىش بولۇپ، ئۆزگىچە ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسىغا ئىگىدۇر. ئۇ پۈتۈلمىشىنى، يەنى ئۇنىڭ ئېڭى كوللېكتىپنىڭ ئالىبۇرۇن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشىدەك مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ئورنىنى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن ھالقىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋاقىتچانلىقنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. مەڭگۈ تاشلاردا ئۆزىنى تونۇش خاراكتېرلىك كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئۆزگىچە ۋاقىچانلىق قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ھەقىقىي تارىخىيلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ .ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىت قۇرۇلمىسىدا دۇنياغا كېلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشگە ئىگە بولۇش كوللېكتىپنىڭ ئەسلىمىسى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ ئەسلىمە كوللېكتىپ تەۋە كۈلتۈرنىڭ شەجەرىسىنىڭ ساقلىنىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئىشىنىش ۋە ئەپسەنىلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىلىش ۋە ئىشىنىش سىستېمىسىدىكى دۇنياغا كېلىش چۈشەنچىسى بولغان «كۆكتىن تېمىش» ۋە «يەردىن ئۈنۈش» دەل «بىز» نىڭ دۇنيادا قانداق ئاپىرىدە بولغانلىقىمىزنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى قارىشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمي دۇنيا قارىسىغا كۆرە، كۈللى جانلىقلار ئەركەكلىك خاراكتېرىگە ئىگە كۆك بىلەن چىشلىق خاراكتېرىگە ئىگە يەر - زېمىننىڭ بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا دۇنيا كۆك بىلەن يەر - زېمىن ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بوشلۇق بولۇپ، «بىز» مانا مۇشۇ يەردە ئاپىرىدە بولىدۇ. مانا بۇ كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىدۇر — يەنى بۇ ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەلۇم قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پۈتۈلۈپ كېتىشىدۇر؛ ياكى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېيتقاندا «بىز «نىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇققا «كۆكتىن تېمىشى» ۋە «يەردىن ئۈنۈشى «دۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا «پېشانىسىگە پۈتۈلۈش» دېگەن ناھايىتى قەدىمي بولغان قاراش بار. مەزكۇر قاراشنى ئېھتىمال ھەممە نەرسىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئاللىبۇرۇن مەلۇم بىر ھالقىما كۈچ (مەسىلەن، بۇ كۈچ

خۇدا بولۇشمۇ مۇمكىن) تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا ئەركىن تاللاش بولمايدۇ، دېگەن قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان كەڭ مەنىدىكى تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە توختىلىۋاتقىنىز كەڭ مەنىدىكى ياكى بىردەر دىنىي مەنىدىكى تەقدىرچىلىك قارشى ئەمەس، بەلكى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى تەقدىرچىلىك، تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئونتولوگىيىلىك پۈتۈلمىش قارىشىدۇر. ئۇ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى ئاڭقىرىدىغان دۇنياغا كېلىشتىن ئىبارەت مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى — يەنى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى كۆرسىتىدۇ. دەل مانا مۇشۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈشى مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا «بىت «تىن تۈرلىنىپ چىققان ۋە كېيىن فونتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان «پۈت» يەنى «خاتىرىلە «دېگەن بۇ سۆز كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئاڭقىرىلغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشى بىلەن تاش پۈتۈن سۈپىتىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە جىپىلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنى ئوخشاش بىر تەڭگىنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تىلشۇناسلىق ۋە ئونتولگىيىلىك نۇقتىدىن چىقىپ قارىغاندا شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگىنى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ خاتىرىلىنىشى، پۈتۈكى ۋە ئىزناسىدۇر.

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كوللېكتىپنىڭ ھازىردا ئۆزگە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىقتۇر. بۇنىڭدا دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھالىتى ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى گېرمان سىياسىي پەيلاسوپى كارل شمىدت ئېيتقاندەك، پۈتكۈل سىياسىي دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەڭگۈ تاشلاردا كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئەڭ رېئال مەسىلە «مەن» بىلەن «ئۆزگە» نىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى يەنى» دوست» ۋە «دۈشمەن» مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ قارىلىشىغا زىچ باشلانغان .بۇ ھەم كوللېكتىپ كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سىياسىي پەلسەپە نۇقتىسىدىكى دەستىكىدۇر .

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكىنى ئاڭقىرىش ۋە كەلگۈسىگە ھالقىشتۇر. ھەر قانداق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئېڭىدا كەلگۈسىگە قاتنىشىش شەكلى بار بولغان بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى دەڭسەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزلۈكىنىڭ ھالقىشى (ياكى ئۆزلۈك ھالقىملىقى سۈپىتىدە) ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كەلگۈسى چۈشەنچىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدۇر. ئۆتمۈش ھازىر مانا مۇشۇ

يادرو ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بىر يادرونىڭ تۈپكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى دەل تەشۋىشتۇر. تەشۋىش، خۇددى گېرمان پەيلاسوپى مارتىن ھايدېگگىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر پەلسەپە ئەسىرى «مەۋجۇتلۇق ۋە ۋاقىت» تا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مەۋجۇداتنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ھالىتىدۇر.

تەشۋىشتە كوللېكتىپنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بولۇشىدىن ئىبارەت يەككىلىكى ئايان بولىدۇ؛ ئۇ ئارقىلىق كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنىنى ۋە ئۆزگىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق تونۇيدۇ؛ ئاخىرىدا ئۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكلىرىگە يۈزلىنىدۇ. دەل تەشۋىشتە كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسى بىرلىشىدۇ، نەتىجىدە كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ يەككىلىكى ۋە پەرقلىقلىقىنى تونۇيدۇ: ئۇ ھەقىقىي ئۆزى بولالايدۇ. تەشۋىشتە ئېچىلىدىغان كەلگۈسى ھەققىدىكى مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇمكىنچىلىك، زىتلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم يۈزلىنىدىغان مۇمكىنسىزلىكتۇر — ئۆلۈم. تەشۋىشتە ئايان بولىدىغان ئۆلۈم ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئايان قىلىدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆلۈم — ئادەمنىڭ ئۆز كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى فۇندامېنتال مۇمكىنچىلىكتۇر.

مەڭگۈ تاشلاردا ئېيتىلغان «شاھزادە بولىدىغان ئوغۇللىرىڭ قۇل بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭ دېدەك بولدى» دېگەن بۇ بايانلارغا ئۇيغۇر كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر تەشۋىش يوشۇرۇنغان .يۇقىرىقى بايانىدا ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەشۋىشتە بۇ قوۋمنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بىرىكىپ كەتكەن ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ ئۇيغۇرلۇق كىملىكى ھەققىدىكى ئارامسىز ۋە ئازابلىق تەشۋىشتۇر.

داۋامىنى مېنىڭ مۇنۇ بلوگىمدىن تاپالايسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ماقاللىرىمنى بۇ بلوگدا ئېلان قىلىپ تۇرىمەن. نىشانhttp://www.uighur.cn/blog/blog.asp?name=memtiminela :دۇر. پەلسەپە دېگەن سۆزنىڭ ئىزىھاتىغا نەزەر تاشلاپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىگە قارايدىغان بولساق بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: پەلسەپە ـ گىرىكچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، دۇنيا قاراش ھەققىدىكى تەلىمات، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنيا (تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر) توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ سىستېمىسى(دۇنيا قاراش دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ يۈرمىسەكمۇ بۇلار ، بەلكىم ھەممە بىلىسە كېرەك.(

دەرۋەقە، پەلسەپە دېگەن بۇ سۆز گىرىكچىدىكى>> فىلو سوفىيا <<دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن ئىدى. بۇ سۆز گىرىكچىدىكى ياخشى كۆرۈش>> فىلو <<سۆزى بىلەن ئەقىل>> سوفىيا <<دېگەن

سۆزنىڭ بىركىمسىدىن تۆزۈلگەن سۆز بولۇپ، ئەقلنى ۋە ئۇنىڭ ئىگىللىرنى ئۇلۇغلاش دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن ئىدى. گىركلار بۇ خىل بىلىمنى يەنى پەلسەپە بىلىمنى ئىگىلىگەنلەرنى پەيلاسوپ دەپ ئاتىشاتتى، ئۇلار پەلسەپە(فىلوسوفىيا)بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ ھېسابلاپ ئۇنى پەنلەرنىڭ پىنى، بارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى دەپ قاراشقان.

پەلسەپە ھەققدە سۆزلىمەك بولساق، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخنى بىلىشىمىز ھىچ بولمىغاندا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخدا بىرىنجى ئۇستاز دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان پەلسەپەنىڭ ئاتىسى دەپ مەشھۇر بولغان ئارستوتېلنى بىلىش ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەقسەت ـ مۇددىئانى چۈشۈنۈش زۆرۈر. چۈنكى ئارستوتېل ھازىرغىچە پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى دەپ قارىلىدۇ.

يۇقۇرىقىلاردىن سىرىت پەلسەپە ئىلمىنىڭ بۈشۈكلىرى بولغان ئەڭ دەسلەپكى پەلسەپە مەكتەپلىرى ۋە پەلسەپە ئۇچاقلىرىنىڭ تارخىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشۈنۈش كېرەك .دىققەت قىلىشقا ۋە ئەسكەرتىپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى قەدىمقي پەلسەپە بۈشۈكلىرىنىڭ بىرمۇ ئىسلام دىيارىدا ياكى ئەرەب دىيارىدا بولمىغان بەلكى ھەممىسى گىرىك ۋە يۇنان دىيارلىرىدا بولغان.

دېمەك يۇقىرقى سۆزدىن ئەڭ كەم دىگەندىمۇ مۇنداق خۇلاسە چىقىرشقا بولىدۇ، ـ پەلسەپەنىڭ ئەسلى مەنبەسى گىركلاردىن باشلانغان ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكىي را اجىمۇ ھەم شۇ گىرك يۇنان دىيارلىردا بولغان ، ئۇ خېلى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاندىن يەتتە ئىقلىمغا تارالغان.شۇنىمۇ دەپ ئۆتمىكىم لازىمكى بۇ پەلسەپە ئىلمىنىڭ ھەممە مەزمۇنىنىڭ گىرىكلاردىن باشلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ تا ھازىرغىچە گىرىك تىلدا ئاتىلۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەمدى ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيكتىگە كەلسەك، دۇنيادىكى ئىككىنجى ئارستوتېل دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر ئالىم فارابى مۇنداق دەيدۇ:

ـپەلسەپە نەزرىيىۋىي بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيىكتى مۇنداق ئۈچ نوقتىنى مەزمۇن قىلىشى كېرەك. 1 (پەلسەپە شەيئىلەرنىڭ ئۇمۇمىي قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققدىكى بىلىم بولۇشى (2 بۇنداق ئۇمۇمىي بىلىم بولۇش ئۈچۈن كونكرېت پەنلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش 3) ئۇلار ئىزچىل تۈردە پەلسەپە تەسىرىدە تۇرىدىغان بولۇش لازىم. فارابى يەنە پەلسەپەنىڭ نەزىرىيىۋى مەقسىدى ئالەمنىڭ، پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىرى ۋە ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش دەپ قارىغان بولسا ئۇنىڭ ئەمەلىي مەقسىدىنى ئۇمۇمىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششتىكى ۋاستە ۋە قورال بولۇش دەپ كۆرسەتكەن .ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدىكى ئارستوتېلزىمنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ئەل قىندى (بىر قېرىندىشىمىز بۇ كىشنى

ئىسلامدىكى تۈنجى پەيلاسوپ دىگەن ئىدى) مۇ پەلسەپە ھەققىدە فارابىغا ئوخشاپ كىتىدىغان ۋە شۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان ھۆكۈملەرنى بېرىدۇ.بۇ كىشىدىن سەللا ئىلگىرى پەلسەپە ئىلمىنى ئىسلامغا سۆرەپ كىرگەن ئەننەززام، ئەررەۋەندى، ئەررازى قاتارلىق ئەيىنى دەۋر <<ئىسلام پەلسەپەسى>>نىڭ نامايەندىلىرى دەپ قارالغان كىشىلەرمۇ پەلسەپەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەققىدە ئىسلامى تۈس بىرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ يەنىلا شۇ دائىرىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەن ئىدى.

پەلسەپە ھەققىدە ئانچە - مۇنچە ماتېرىيال كۆرىدىغان كىشىلەرگە مەلۇمكى پەلسەپەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ھەرقانچە شاخلاپ كەتسىمۇ يەنىلا ھازىرقى زور كۆپچىلىك ئىلىم ئىگىلىرى ئېتىراپ قىلىشقان : - پەلسەپەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى يۇشۇرۇنغان قانۇنىيەت ۋە باغلىنىشىنى ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يولنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت .دىگەندىن نېرى كىتەلمىدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ھەم كەتمەسلىكى مۇمكىن.دېمەك پەلسەپە ئەنە شۇنداق ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى يۇشۇرۇنغان قانۇنىيەت ۋە باغلىنىشى تېپىپ چىقىش ھەققىدىكى ھەرخىل تونۇش ۋە ئەقلىي يەكۈنلەرنىڭ نەزىرىيىۋىلىشى ۋە سىستېمىلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن پەن.

ئۇنداقتا پەلسەپە دىكى ئەڭ تۈپكى ۋە ئەڭ نىگىزلىك مەسىلە زادى نىمە؟ !

مىنىڭچە قېرىنداشلارغا بۇ تەرىپى ئۇچۇق بولسا كېرەك، پەلسەپەدىكى ئەڭ تۈپكى مەسىلە ، يەنى ئۇ ئەڭ دەسلەپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ۋە كېيىنكى راۋاجىغا يول كۆرسەتكۈچ رول ئوينايدىغان مەسىلە يەنىلا ماددا بىلەن روھ، يەنى بۇلارنىڭ ماھىيىتى ، مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، بۇ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەسلي زاتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزلىنىش ، ئۇنىڭ ئەسلى روھي ياكى ماددىي ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەم پەلسەپە ئىلمىنىڭ بوسۇغۇسى دەپ قارىلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئەڭ تۈپكي مەسلىسى دەپ قارالغان ماددا بىلەن روھمۇ يەنىلا ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلي زاتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. دېمەك پەلسەپە قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ئىنسانلارنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئەلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى(ئەسلى زاتى) ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى يۇشۇرۇنغان قانۇنىيەت ۋە باغلىنىشىنى ئىزدەيدىغان بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى بەختكە يېتەكلەشكە ئورۇنىدىغان پەن بولۇپ كەلدى.

ئەمما ئەقىل ئىگىلىرى شۇنىمۇ تۇيغۇنلۇق بىلەن بىلىپ يېتىشلىرى كېرەككى، پەلسەپە ئەڭ دەسلەپ گىركلاردا پەيدا بولغاندا، ئىلاھىيەتچىلىككە ، يەنى ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق

شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتى ( ئەسلى زاتىنى ( روھقا يەنى ئىلاھقا باغلايدىغان كۆزقاراشقا قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئارستوتېلمۇ روھنى (ئىلاھ) نى ئىنكار قىلالمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئاساسي كۆز قاراشلىرى يەنىلا ماتېرىيالستىك كۆز قاراش ئىدى، ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەسلى زاتىنى يەنىلا ماددىغا باغلاپ چۈشىنەتتى ۋە شۇنداق شەرھىيلەيتى.

يۇقۇرقىي كۆز قاراشلىرىمىزغا پەلسەپە تارىخى ۋە ئۇنىڭدىكى نامايەندىلىك كىشلەرنىڭ تارىخلىرى ۋە ئەسەرلىرى گۇۋاھ ۋە ئاساس بۇلالايدۇ، ۋاقىت ۋە مەزمۇن ئىتىبارى بىلەن بىرمۇ بىر دەللەش ئېلىپ بارمايمىز.

ئەمدى سۆزنى يۆتكىسەك، ئىسلام دىنىدا ئەسلى پەلسەپە دىگەن بۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ، ھەم بۇنداق ئىلىمگە ئېھتياج يوق ئىدى . چۈنكى خۇددى بەرقىي ئەپەندى دىگەندەك مۇسۇلمان كىشى ئۇچۇن ئاللاھ ئاللاقاچان ئۇنىڭغا ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتى (ئەسلى زاتىنى) ئۆز كالامىدا بايان قىلىپ بولغان ۋە ئىنسانغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختكە سازاۋەر بولىدىغان يولنى ھەم كۆرستىپ بەرگەن ئىدى، يەنى بۇ يول پەقەت بىر ئىدى ، بۇندىن باشقا يول مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، يەنە بىر توغرا يولنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلكىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئەلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتى ھەققىدە يەنىمۇ زورۇقىشنىڭ قىلچە زۆرۈيتى يوق ئىدى.( لېكىن ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىنى تونۇش ، ئۇ ياراتقان پۈتكۈل مەخلۇقاتنى چۈشىنۇش، ئاللاھنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت ، ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەر گە ئاتا قىلغان ئىچكى قانۇنىيەت ۋە باغلىنىش ھەققىدە ئىزلىنىش بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، كالامدىمۇ ئېنىق قىلىپ كىشنى يۇقۇرىقىدەك ئىزدىنىشكە ۋە بۇ ئارقىلق ئۆزنى يۈكسەلدۈرۈپ ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختكە سازاۋەر بولۇشقا ئۈندەلگەن ئىدى.ئەلۋەتتە بۇ خىل ئىزدىنىش پەلسەپەدىن تۈپكىي جەھەتتىن پەرق قىلاتتى(...

دوستلار تىلغا ئالغان>> ئىسلامدىكى تۇنجى پەيلاسوپ << ئەل قىندى دىگەن كىشىمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارستوتېلزىمنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ئىدى. ئۇ كىشى بىر تەرەپتىن ئۆز كۆز قارشلىرىغا ئىسلامى تۈس ۋە رەڭ بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا ئارستوتېل تەلىماتىنىڭ ماتېرىيالىزىملىق تەرەپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلام مەدەنىيتىگە زورمۇ ـ زور سۆرەپ كىرگەن ئىدى.بۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئەينى دەۋردە ئىسلام ئىلاھىيەتچىلكى ۋە كالامىزمچىلىققا قارشى مەيداندا تۇرغان ئىدى.، قېرىنداشلار رېتى بىلەن تىلغا ئالغان باشقا >> ئىسلام پەيلاسوپلىرى<<مۇ پەلسەپىنى ئاۋال گىركلاردىن ، ئارستوتېل ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى پىلاتوندىن ئۆگەنگەن ھەم ئۇنى ئىسلام تەلىماتلىرنى شەرھىيلەش ۋە بايان قىلىشتا ، ئىسپاتلاشتا پايدىلانماقچى بولغان. ئەمما، ئىسلامنىڭ مەنبەسى ئىلاھى بولغان سۈزۈك بولاق >> قۇرئانى كەرىم <<دىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق پارچە تەلىماتلارغا ئېھتياج يوق ئىدى ھەم ئۇنداق تەلىماتلار بىلەن سىغىشالمايتى چۈنكى ئۇ

بىرىدىن ـ بىر ھەققەت يەنى مۇتلەق ھەققەت ئىدى ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ كىشلەرنىڭ تۇتقان يولى بارغانسىرى تارىيىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتى.

دىمەك مەنچە پەلسەپە ئىلمىنىڭ تەبىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن نىشانى، ئىسلامىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە دىنىي ئاساسىغا قارىغاندا ئىسلامدا پەلسەپە پىنگە ئېھتىياج يوق، شۇنداقكەن مۇسۇلمان كىشىدىنمۇ پەيلاسوپ چىقماسلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق.

--------------------------------

ئاۋار

پەلسەپە دەسلەپ روياپقا چىققان يونان (گىرىك) جەمىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار پەلسەپە ئارقىلىق ئىزدەنگەن مەسىلىلەردە ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىدىن ( كۆپ ئىلاھلىق، ئىلاھلىرى بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغان، بىر بىرىنىڭ نەرسىلىرىن ئوغۇرلاپ كىتىدىغان باتىل دىن ) قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن، پەلسەپىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، پەلسەپە ئارقىلىق جاۋاپقا ئېرىشكە ئۇرۇنغان . شۇنىڭ بىلەن ياراتقۇچى زات ۋە ئالەم- تەبىئەت،ۋە شۇنىڭغا ئاسسەن جەمىيەت توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر ئوتتۇرغا قويۇلغان. ياۋرۇپادىمۇ، بولۇپمۇ يېقىنقى ئەسىردىن كېيىن بۇرمىلانغان خىرىستىئان دىنىنىڭ نوپۇزى چەكلىنىپ ئاساسەن چىركاۋغىلا بەنت قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن ياۋرۇپالىقلار يەنە ئاشۇ سۇئاللارغا قەدىمقى گىرىك پەلسەپىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جاۋاپ ئىزدىگەن ( بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلاھنى ئىنكار قىلمايدىغانلارمۇ بار، ئىلاھنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان ماددى پەلسەپچىلەرمۇ بار)

بىزدىچۇ؟؟ ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىز ئاشۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىپ بولغان بولسا ئۇنىڭغا يەنە زادى پەلسەپىدىن جاۋاپ ئىزدەش كېرەكمۇ ؟

مەسىلەن بىز مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مىتافىزىكا جەھەتتىن ئىسلام ئالللقاچان قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىپ،مۇسۇلمانلارنى ئۇ جەھەتتىن ئىزدىنىشتىن ئاساسەن بىھاجەت قىلغان. مەسىلەن ياراتقۇچى زات سۈپەتلىرى توغرىسىدا كېرەكلىك خەۋەر بەرگەن ) قۇرئاندا سۈرە ئىخلاس ۋە باشقا ئايەتلەرگە قاراڭ ) ئالللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا بەھس قىلمىغان چۈنكى ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى يوق، بەلكى بىز ئۇنى بىلىپ يېتىشتىن ئاجىز.

گىرىكلاردىن باشلانغان پەيلاسوپلارچۇ؟ بىرسى قوپۇپ بۇ زات ئۇستۇن ئەقىل دىسە، يەنە بىرسى

سۇبستانىيە، ئۈچۈنچىسى قوپۇپ ياق ئۇ بىر ھيۇلى جىسىم دىسە تۈتىنجىسى ئۇ يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ كۇللىسىنى بىلدۇ، تەپسىلاتىنى بىلمەيدۇ دەپ قالايمىقان بىلجىرلىغان.
روھمۇ شۇنداق، ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم ماھىيىتىدىمۇ شۇنداق، بىزگە پايدىلىق تەربى بىلدۈرۈلگەن، ئۆلۈمنىڭ ھەممىنىڭ بېشىغا كىلىدىغانلىقى، ئۆلۈمدىن كېيىن ھىساپ بارلىقى خەۋەر قىلىنغان، ئەمما ئۆلۈم ئۆزى قانداق نەرسە؟ بۇ توغرىدا بىزگە بىلىم بىرىلمىگەن، پەلسەپە ھەر قانچە ئىزدەنسىمۇ نەتىجىسى تېخىمۇ قايمۇقۇش بولىدۇ.

باشقا تەرەپلەردىمۇ: قانۇن- شەرىئەت، ئەخلاق - تەربىيە، ئىقتىساد - خەلقئارا ئالاقە، ئۇرۇش - تىنچلىق، تەرەققىيات- ئىشلەپچىقىرىش، جامائەتچىلىك (جەمىيەت) قاتارلىق جەھەتتە قۇرئان كەرىم- ھەدىس شەرىپ، ۋە مۇشۇ ئىككى مەنبەنىڭ باشچىلىقىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان شەرئى ۋە ئىجتىمائى بىلىملەر بىلەن جاۋاپ بەرگەن . ھازىرقىلارمۇ مۇشۇ ئاساس بويىچە ئىجتىھاد قىلىپ ئۆزى دۇچ كىلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاپ ئىزدىسە بولىدۇ.

دۇنيادا پەلسەپىسىز، دۆلەتسىز جەمىيەتلەر شەكىللەنگەن، ئەمما دىنى بار بولمىغان ھىچقانداق بىر جەمىيەت بارلىققا كەلمىگەن .
ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە بار نەرسىنى قوشنىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ نىمە قىلىمىز ؟

----------------------

supurga

يۈكسەل قېرىندىشىم،پەلسەپە ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىدىكەنسىز،ئەتراپلىق ماتىريال كۆرىدىكەنسىز،تىمىڭىزدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىشقا بولىدۇ.يازمىڭىزدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم.قاراشلىرىڭىز بەرقى ،ئەۋلارنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن.مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ،گېپىنى بېرىلىپ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.ھەتتا ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلمىسامىمۇ ،ئالدىراپ بۆلۈۋەتمەيمەن.نېمىشقىكىن،سىياسى -ئىقتىسات،پەلسەپە ۋە تەبىي پەن،تېخنىكا-ھۈنەر پەنلىرىگە قىزىقىدىغانلارنى كۆرسەم خۇش بولۇپ كېتىمەن ،ھەتتا گاھىدا ناۋاي بۇرەدەرلەرنىڭ خېمىر يۇغۇرىشى،تۇزنى تېتىشى،تونۇرنىڭ تەپتىنى تەڭشىشى، نانغا زۇۋۇلا تۈگۈشى،نان يېقىشلىرىغاھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتىمەن، تونۇر ۋە نان مېنىڭ خىيالىمنى يىراق-يىراقلارغا قاناتلاندۇرۇپ ئەپكېتىدۇ.ئاجايىپ سىرلىق ئوي-خىياللارنى ئويغىتىدۇ. بۇ نەرسىلەردە ئۇيغۇرنىڭ ئىلىم -پەنى،پەلسەپە ئىدىيسى بار.پەقەت

مۇشۇنداق نەرسلەر ھەققدە زامانىۋى نۇقتىدا نەزىرىيە جەھەتتىن يىرىك ئەمگەكلەر قىلىنمىدى بىزدە نەزىرىيىۋى ئىزدىنىشكە سەل قاراش،پەلسەپە نامراتلىقى تولىمۇ ئېغىر دەپ ئويلايمەن.شۇڭلاشقا قارىماققا ئىجتىمائى پەن ئەھلى كۆپتەك تۇرسىمۇ ،لىكىن ئىجتىمائى مەسىلەرگە ۋاقتىدا ئېنىق دىياگنوز قويۇپ،كونكرىت پىلان،تەدبىر ،لاھىيە ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن.بىز قۇرۇق قاقشاۋاتقان بەزى مەسىلەرنى تەپەككۇر ئەھلىدىكى ھەمكارلىقنىڭ تۆرتكىسى بىلەن يۇقرىغا يەتكۈزۈپ ھەل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. بىر چاغدا غەيرەت ئابدۇللا كالدىر ئەپەندى ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققدە ،ئەينى چاغدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت ئاكىغا دادىللىق بىلەن پاكىتلىق خەت يېزىپ،ئۇ كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان.ئۇ كىشى دەرھال شۇ چاغدىكى ئاپتونۇم رايۇن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ئەپەندىمگە بۇ ئىشنى ھاۋالە قىلغان ،ئابلەت ئەپەندىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بۇ ساھەدە خىلى ئىشلار قىلىنغان ئىدى.مۇشۇنداق ئىشلار بىر ياخشى ئۈلگە،ئەتراپىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى ،سىياسى كېڭەش ۋەكىللىرى بار،ئۇلارنى ياخشى تەكلىپ ـ لاھىلەر بىلەن تەمىنلەش ،ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەڭ زۆرۈر بولىۋاتقان مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىشى كىرەك.بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم نەزىرىيىۋى تەپەككۇرىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز،جەمىيەتتىكى مەسىلەرنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس ،سوغۇققان تەپەككۇرغا تايىنىپ كۆزىتىشىمىز ،تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ۋەزىيەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ،بىرقەدەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولىشىمىز كىرەك دەپ قارايمەن. كۆپ نەرسلەرنى ئويلىغان بولسامىمۇ ،پىكرىم چېچىلىپ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمىدىم،كەمتۈك،چۇۋالچاق ،تاققا ـ تۇققۇ بولۇپ قالدى.پەلسەپەدە ئىزدىنىشكىز مول مېۋە بەرسۇن!پەلسەمۇ سىز بىزلەر قول يەتكۈزەلمەيدىغان ئىلاھى نەرسە ئەمەس،پەيلاسوپمۇ خۇدا تەرەپتىن مەخسۇسۇ تاللاپ ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەر ئەمەس،ھەممە ئىش تىرىشچانلىقا باغلىق.بولسا بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان دوستلار تىخىمۇ كۆپەيسۇن.تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ پەيلاسوپ ـ مۇتەپەككۇرلىرىمىز يېتىشىپ چىقسۇن.ئەگەر ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتسەك ،ئۆزىمىزنىڭكۈچ ـ قۇدرىتىگە ھەقىقى ئىشەنچ تۇرغۇزساق. ھەر بىرىمىزنىڭۋۇجۇدىدا بىر بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇخلاپ ياتقانلىقنى بايقايمىز.

بۈگۈنكى دۇنيادا پەلسەپە ( غەرپ دۆلەتلىرىدە ) ئاساسەن ھادىسشۇنالىقنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئىنسانىنىڭ كونكېرىت ھاياتلىق شەكلى ھەققدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئەخلاقى پەلسەپەمۇ ئۆزى بىلەن ئۆزگە ئوتتىرىسىدىكى ئېتىكىلىق مۇناسىۋەتكە مەركەزلىشىۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا قىسقىچە قىلىپ سىز ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر مەسىلگە كېلەيلى، ئىسلامدا پەلسەپە بولامدۇ ؟ بۇ سۇئالنى ئاۋۋال بىر تەكشۈرۈۋېتىش كېرەك. چۈنكى ئىسلامدا پەلسەپە ھەققەت بولغان ۋە ئوتترا ئەسردە خېلى تەسر قوزغىغان ( گەرچە بەزى غەرپ پەلسەپە تارىخچىلىنىڭ قارىشىچە

ئىسلامدا پەلسەپە يوق ، ئۇلار پەقەت ئارستوتىل پەلسەپەسىنىڭ >> قۇللارچە << ئەگەشكۈچىللىرى ۋە شەرھىيچىلىرىدۇر. مانا مۇشۇ مەنىدىنمۇ ـ پەلسەپە مەنىسىدىنمۇ ـ ئىسلامدا ھەقىقىي پەلسەپە يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ ) بۇ تارىخي پاكىتتۇر، شۇڭلاشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ پەلسەپە ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلىر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ .شۇڭا، سۇئال ئىسلامدا پەلسەپە بولۇشى كېرەكمۇ دېگەن سۇئالغا مەركەزلىششى كېرەك؛ مانا مۇشۇ يەردە بىز ئىسلامدا پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىش زۆرۈرمۇ دېگەن تۆپكى ھەم ئەڭ سەزگۈر مەسىلىگە دىققىتىمىزنى بېرىمىز. گەرچە يەھۇدىيلارمۇ ، خىرىستاتىيانلارمۇ يەنى بىر خۇدالىق دىندىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنى يارىتقۇچىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلاردا يېزىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ھەقىقەتى ھەققىدە ئەقلىي ئىزدىنىشنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويمىغان. سىزگە بۇنى بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئورۇنۇپ باقاي : مەن بىر كىچىك بالا بىلەن مۇنداق بىر سۆزلىشىش ئېلىپ باردىم. مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ بىزنى ياراتقانلىقىنى ئېيتسام، ئۇ >> خۇدا بىزنى نېمىدىن ياراتتى ؟ << دەپ سورىدى ، ئېتتىكلا >> خۇدا بىزنى يوقلۇقتىن با قىلغان << دېسەم، ئۇ چۈشەنمەي >> قانداقىسىگە ؟ << دېدى . مەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن >> قۇرئان كەرىم << دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى سۆزلىسەم ئۇ يەنىلا چۈشەنمىدى. ئەڭ مۇھىمى مەنمۇ بارا ـ بارا ئۆزەمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەي ، گاڭگىراپ قېلىشقا باشلىدىم. يوقلۇق ) بۇ پەلسەپىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇقۇمنىڭ بىرى بولۇپ، مەۋجۇداتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ (. قانداق قىلىپ بارلىققا ئايلىنالايدۇ. سىز ئېھتىمال ، تۆزلا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداق بولسا خۇدانىڭ قۇدرىتى دېگەن نېمە ؟ دېسەم بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ماڭا >> قۇرئان كەرىم << نى ئوقۇۋېلىڭ ، دېيىشىڭىز نىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئېھتىمال قىياس قىلالىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا مېنىڭ سۇئالىم توختالغۇسىز داۋاملىشىدۇ ( گەرچە مەن خۇدانى ئۆيۈمدىكى بىرەر ئوبيېكتنى بىلگەندەك بىلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسامۇ ). سۆزىمىزگە كېلەيلى، مەن كىچىك بالىنىڭ سۇئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىر قاتار پەلسەپە ئۇقۇملىرىنى ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ۋە مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسىگە دۇچ كەلدىم ( بۇ ئۇقۇملار ئۆز ۋاقتىدا دەل يۇنان پەلسەپەسىدە تىلغا ئېلىنغان مەسىلەن، سۇقىراتنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پارمېنىدىس دېگەن پەيلاسوپ: يوقلۇقتىن يوقلۇقلا بارلىققا كېلىدۇكى، بارلىق بالىققا كەلمەيدۇ ؛ يوقلۇقتىن بارلىقنىڭ بالىققا كېلىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ بارلىققا كېلىدۇ دەپ قارالسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسى يوقلۇق ئەمەس ، بەلكى بارلىق بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇنداق بولسا، بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز خاتا بولغان بولىدۇ :ئەگەر بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز خاتا ئىكەن، دېمەك بۇ يەردە پەقەت ھەم يوقلۇقتىن بارلىققا كەلمىگەن ھەم يوقلۇققا ئايلىنىپ كەتمەيدىغان بىرلا بارلىق ، يەنى بىرلا مۇتلەق بارلىق بار. بۇ بارلىقنى ھازىر بەزىلەر ھەم ئېپتىداسى ھەم ئىنتىھاسى بولمايدىغان كائىناتنىڭ دەسلەپكى خىيالى

دەپ قارىشى مۇمكىن . ( بەلكىم ئىلاھى دېگەن سۆز بولىشىمۇ مۇمكىن . ئۆرۈش جەريانىدا پەرق قىلغىلى بولمىدى ). دېمەك بۇ سۇئالالارنىڭ چوڭقۇر پەلسەپە ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز ( دەل شۇنداق بولغاچقا ، ئىسلام ئالىملىرىمۇ پەلسەپەدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان ). بۇ سۇئاللارنىڭ ھەممىسى >> خۇدا دېگەن نىمە - ياكى خۇدا كىم - ياكى مەن بىلەن خۇدانىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار << دېگەن نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. خۇدانى ئۆزى ياراتقان ۋە كائىناتنى ۋە ئىگىسىنى بىلسۇن، تونۇسۇن شۇ ئارقىلىق ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتسۇن دەپ ياراتقان ئەقىل ئارقىلىق تونۇش ھەرگىزمۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ روھىغا مۇغالىپ ئەمەس دەپ قارايمەن.

سىز ئېھتىمال خۇددى ئاۋار ئەپەندى ئېيتقاندەك >> ئىسلامدا ھەممە مۇقەددەر كىتابتا دېيىلىپ بولۇنغاچقا، يەنە چىقىپ خۇدانىڭ سۈپەتلىرى ، مەۋجۇدلۇقى ھەققىدە سۆزلىشىشنىڭ زۆرۈرىيتى يوق <<دەپ قارىسىڭىز. بۇ مېنىڭچە تازا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر مەن سىزگە ئىسلام دىنىنى مەن شۇنچە ئۆگەندىم ، لېكىن ئاخىرى بۇ دىندىن رايىم يېنىپ كەتتى دېسەم ، سىز مېنى قانداق قىلىپ قايىل قىلالايسىز ( ئەگەر سىزدە ئاشۇنداق قىلىش نىيىتى بار دەپ پەرەز قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ). سىز ماڭا ھەقىقەتنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىتابتا سۆزلىنىپ بولۇنغان دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن قانداق سۆزلەنگەن دېسەم ماڭا نۇرغۇن ئايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مەن بۇنىڭغا قايىل بولماي ماڭا ئەقلى شەرھىيلەش كېرەككى دوگما ھالدىكى نەقىللەش ئۇسۇلىدىن توۋۇپ كەتكەندىم دېسەم، سىز قانداق قىلىسىز ؟ ( توغرا، مەندەك بىر جاھىلغا ئۇچراپ قېلىپ پالاكەتكە ئۇچرىغىنىڭىزنى تەن ئېلىپ، ئالدى ئارقىڭىزغا قارىماي كېتىشىڭىز مۇمكىن ياكى يەنە كونا ئۇسۇلنى تەكرارلىشىڭىز مۇمكىن .( لېكىن ماڭا ئەقلىي چۈشەندۈرۈش كېرەك بولغاچقا، بىردىن بىر ئۇسۇل چوقۇم بۇ ھەقىقەتنى ماڭا يېشىپ كۆرسىتەلىشىڭىز كېرەك. ھەقىقەت ھەرگىزمۇ دوگما ئۇسۇلدا ئەمەس بەلكى ئەقلىي يوللار ئارقىلىق سىستېمىلىق تەرتىپلىك نامايەن بولىدۇ. ئەگەر بۇنى ئېتراپ قىلسىڭىز شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى پەقەت ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە پەلسەپە ئارقىلىقلا ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ بايقىغىلى ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا پەلسەپە بولغان ۋە بولۇشى كېرەك؛ ئىسلام بىلەن پەلسەپە بىر بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان ئىككى كاتوگىريە ئەمەس. ئېھتىمال خۇدانى بۇنداق ئەقلىي چۈشەندۈرۈشكە مۇھتاج ئەمەسمەن دېيىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بىز ئازغۇن ئىنسانلار بۇنىڭغا مۇھتاج ، يەنى ئەقىل ئارقىلىق ئېتىقاد قىلىشقا مۇھتاج. گەرچە مەن ئېتىقاد ئەقىلگە مۇھتاج ئەمەس دېگەن قاراشنى پۈتۈنلەي رەت قىلمىسامۇ، ئەقىل ئارقىلىق قىلىنغان ئېتىقاد تېخىمۇ مۇكەممەل ئېتىقاد بولىدۇ . ئەگەر خۇدا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى ياراتقان كائىناتنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەشنى ئۈمىد قىلىدىغان پەلسەپەنى رەت قىلسا، ئۇخشاش ئۇسۇل بويىچە باشقا ئاخىرىدا ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ نامايەندىسى بولغان تەبىئەت

ھەقىقەتلىرىنى ئىزدەشنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق پەنلەرنىمۇ رەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەممە ھەقىقەت ئاللىبۇرۇن دېيىلىپ بولۇنغان. ئەگەر خۇدا باشقا پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يول قويغان ئىكەن، شۇ قاتاردا ئەقلىي ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان پەلسەپىگە يول بار بولغان بولىدۇ. ئەجەبا خۇدانىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش ھازىر مۇدا بولسا بولىدىكەنۇ، ئۇنى پەلسەپەدىكى ئەقلى ئىزدىنىش ئارقىلىق بىلىشكە بولمامدىكەن؟ نېمە ئۈچۈن ھەممە دېيىلگەن دەپ جىم ئولتۇرماي يەنە نۇرغۇن پەنلەر بىلەن مۇسۇلمانلار شۇغۇللىنىدۇ )باشقا دىندىكىلەرنى دېمەيلا قوياي. (

ئاخىردا شۇنى دەپ قويايكى ، ئىسلامدا پەلسەپە بولۇشنى توسقۇچىلار ۋە بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار تارىختىن بېرى چىقىپ كەلگەن. ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ غەرپ پەلسەپە بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان ئاقارتىش ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرا ئەسىر ئاڭ فورمىسىدا قېلىۋەردى. ئۇنىڭدا نە دۇنيا ، نە جەمئىيەت ، نە سوبىيېكت، نە ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش بولمىدى. پەلسەپە ئارقىلىق غەرپلىكلەر پىكىر قىلىشنى غايەت زور دەرىجىدە يېتىلاپ بارسا، ئىسلامدا پىكىر قىلىش 10 - ئەسىرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈشكە يول قويۇلمىدى. غەرپلىكلەر پەلسەپە ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇسا، ئىسلامدىكىلەر ئۆزىنى ئۇنتىدى. غەرپلىكلەر پەلسەپە ئارقىلىق دۇنيانى ئۇقۇملاشتۇرۇسا، ئىسلامدا دۇنيا ھېكايە ئېيتىش سەۋىيىسىدە چۈشەندۈرۈلدى.

سىز ئېھتىمال غەرپلىكلەر كاپىر بولغاچقا پەلسەپە بىلەن شۇنداق شۇغۇللاندى دېيىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ كامىل دىندارلىرى خۇدانى ئەقلى كورلۇق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەقلىي روشەنلىك بىلەن چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلدى ( گەرچە بۇ بەزىدە چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، خۇدا ئىنساننىڭ بىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشتەك ھالەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ ، ياكى خۇدانى پانتېزملىق ۋە مىستىكىلىق ئۇسۇلدا بىلمەكچى بولغاندەك . لېكىن كانتتەك ئۇلۇغ پەيلاسوپلار بىز پەقەت ماكان ۋە زاماندىكى شەيئىلەرنى چۈشىنەلەيمىز، خۇدا ماكان زاماندىن ھالقىپ كەتكەچكە ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئەگەر چۈشىنىمىز دېسەك بۇ بىر ئەخمەقلىك خالاس، دېيىش ئارقىلىق غەرپلىكلەرنىڭ دىن پەلسەپەسىگە ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى تا ھازىرغىچە نۇرغۇن ئىلاھىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ (.

ئاخىردا ئۆزۈمنىڭ پەلسەپىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك دەيدىغان ئوتتۇرا ئەسىرچە )كەچۈرسىز مۇشۇنداق دېمەي ئامالىم بولمىدى ( قاراشتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن. بىرى ، بۇنداق قاراشنى كۆتۈرۈپ چىققانلار پەلسەپەنى دېگەندەك چۈشەنمەيدۇ. پەقەت پارتىزانسكى بىلملا بار خالاس ( ئەلۋەتتە ، سىزنى مەن تولۇق چۈشەنمەيمەن، شۇڭا ئېغىر ئالماسلىقىڭىزنى سورايمەن ) ، ئىككىنچىسى ، بۇلارنىڭ ئىدىيىسى بىر قەدەر كونسېرۋاتىپ بولۇپ، پەلسەپەدەك بىز زارىقىۋاتقان

ئىلمنىڭ بىزدە يېتىشىشتىن دىققەتنى قوزغىشىغا، ئۆگىنىلىشگە ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچىسى ، شۇڭا مېنىڭ بىزدە تېخى ئىلىم دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن ئۇيىنغا سىلجىمىغانلىقىغا ، شۇڭا كۆرەر كۆزنىنىڭ ھارىقدەكلىكىگە ئىشەنمەي ئامالىم يوق. دېمەك بىزدە ئىلىم تارختىن بېرى بىر قىسىم ساختا بىلىمدانلار ۋە كونسىرۋاتىپلار تەرىپىدىن چىدىغۇسىز دەرىجىدە خارلىنىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزلۈكىنىڭ خارلىنىشىدۇر. ( بۇلارنى سىزگە قارىتىپ ئېيتمىدىم ). بۇنداق شارائىتتا مېنىڭ سۈكۈتنى تاللىشىم ئاقىللىق ئىدى .لېكىن خۇدا يەنە شۇنداقمۇ ئەمىر قىلىدۇكى ، بىلگەننى باشقىغا بىلدۈرمەسلىك گۇناھتۇر. مەن دەل مۇشۇ گۇناھقا قالماسلىق ئۈچۈنلا بۇلارنى سىزگە يازدىم .

ئەقلىي ئىزدىنىشىڭىزگە ئۇتۇق تىلەپ ،

بىر قېرىنداشىڭىزدىن

-----------------------------------------

نامە مۇشۇ جايدا تامام بولدى. يۇقىرىقى خەت گەرچە ماڭلا يوللانغان خەت بولسىمۇ ، بايان قىلىنغان مەزمۇنلار كۆپچىلىكنىڭمۇ بىلىپ قېلىشىغا ئەرزىيدىغان . پەلسەپە ھەققىدىكى پىكرى چۈشەنچىلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن نامە ئىگىسىنىڭ روخسىتىسىز يوللاندى . بۇ مۇ ناما ئىگىسى ئېيتقان << خۇدا يەنە شۇنداقمۇ ئەمىر قىلىدۇكى ، بىلگەننى باشقىغا بىلدۈرمەسلىك گۇناھتۇر >> .دېگەن ھېكمەتكە ئۇيغۇن دەپ قارايمەن. بەلكىم بۇ نامىنىڭ ئىگىسىمۇ مەزكۇر مۇھاكىمىمىزگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تەكلىۋىم شۇكى ، مۇمكىن بولسا مۇنبەر يۈزىدە بىز بىلەن ئاشكارا ھەمسۆھبەت قىلىپ ، بۇ ھەقتىكى پىكرى ئىزدىنىشلەرنى تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرسەك !

> پەلسەپە ـ <گۈزەللىك سۆيگۈسى ،دانالىق سۆيگۈسى دىگەنلىك بولىدۇ.

ھەرقايسى دەۋىرلەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ> پەلسەپە <گە بەر گەن ئېنىقلىمىلىرى تۆۋەندىكىچە:

سوقرات: پەلسەپە>- ئىزگۈ <لۈك ياراتقۇچى شەيئىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئەقىل بىلەن تەتقىق قىلىدۇ .يەنى تەبئەتتىكى بارلىق شەيئىلەر سىستىمىسى ۋە مۇكەممەللىكىنى ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش پىرىنسىپى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئەپلاتون:پەلسەپە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ماھىيەتتىكى مۇكەممەل سىستېمىلىششىنى تەتقىق قىلىپ ،ئۇلارنىڭ تۈنجى ئىختىراچىسىنى ئىزدىنىدۇ ،پەلسەپە بارلىق پەنلەرنىڭ شاھى

شاھلىق شەرىپىگە داخىلدۇر.

ئارىستوتىل:پەلسەپە ئۇنۇۋىرسال ئىلىم ، ئۇ بارلىق ئىلىملەرنىڭ تۇتقىسىنى نەزەرگە ئالىدۇ ،ئويلىنىشىدۇ ، يەنى شەيئىلەر مەۋجۇتلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن تونۇشۇپ ،شەيئىلەرنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ۋە دەسلەپكى سەۋەبىنى ئىزدىنىدۇ .

دىئوگېنىس: پەلسەپ كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئىزدىنىدىغان ئىلىم.

ئەل كىندى : پەلسەپە كىشىلەردىن شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى تەرەپلىرىنى ئەمەس ،بەلكى، ماھىيەتلىك يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ،يۈزەكى نەرسىلەر چەكسىز بولىدۇ ،ئۇنى بىلمەن دەپمۇ بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ،مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ،پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىلىملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەۋكەتكە مۇناسىپ . پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ ئالىي شەرەپ پەلسەپىگە مەنسۇپ.

فارابى : پەلسەپە بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى چىقىش قىلىپ شەيئىلەرنى چۈشىنىدۇ.

ئىنىن سىنا: پەلسەپە ئىنسان قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىپ شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ھەم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقەتلەرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ ، ئىنسان روھىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

ئىبنى رۇشد : پەلسەپە ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن شەيئىلەرنى كۆزىتىدۇ.

سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى : پەلسەپە ئالدى بىلەن ئىلىمنى سۆيۈش دېمەكتۇر ، ئاندىن ئىسانىي قابىلىيەتلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ، ئاخىرىدا ئىلىمگە مۇناسىپ روھ بىلەن سۆزلەش ، ئىش قىلىش دېمەكتۇر.

..............................................................................

دېمەك ، پەلسەپىنى مەنىسى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تولۇق ۋە تولۇقسىز مائارىپىمىزدا

ئېيتىلغاندەك تار دائىرىلىك ئەمەس ، تىما ئىگىسى ھەقىقەتەن ياخشى بىر تىما يوللاپسىز.

تۈگىدى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكىتابنىڭ ئەسلى ماتىرىيالنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتورغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكىتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 – يىلى3-ئاينىڭ 9-كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن